www.kitaphumar.com

# تەبسى پەندىكى ئۇيغۇر مەشھۇرلىرى

(مەخمۇت ئېلى ئاتتىلا ئونسۇ)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 11-ئاي

مەنبە: تەۋپىق مائارىپ تورى

# مۇندەرىجە


1. ئەل فارابى ........................................ 5
2. مەھمۇت قەشقەرى ........................................ 5
3. تەجەللى ........................................ 6
4. ئەلائىددىن خوتەنى ........................................ 6
5. غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى ........................................ 7
6. ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ........................................ 7
7. غازىباي ........................................ 7
8. ئابدۇقېيۇم خوجا ........................................ 8
9. قۇربان ۋەلى كىرىوران ........................................ 8
10. جامالىدىن ........................................ 10
11. تۆمۈر تۆۋرۈك ........................................ 11
12. ئىل ئىھمىش ........................................ 12
13. مىجىت ناسىر ........................................ 14
14. ھۇشۇر ئىسلام ........................................ 15
15. ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى ........................................ 19
16. ئابدۇللا قادىرى ........................................ 21
17. ئابدۇۋايىت يۈسۈپ ........................................ 22
18. ئابلەھەت ئابدۇرېھىم ........................................ 23
19. ئابلىمىت ئابدۇقادىر ........................................ 24
20. ئادالەت ئەخمەتجان ........................................ 25
21. ئامىنە ئابلىمىت ........................................ 26

22. ئەسقەر ھەمدۇللا ........................................ 27
23. ئەلى ھىساممىدىن ........................................ 28
24. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ........................................ 28
25. ئەنۋەر ھەسەن ........................................ 29
26. باقى يۇسۇپ ھاجى ........................................ 30
27. بەختىنىسا مۇھەممەتئېلى ........................................ 32
28. پەرھات كېرىم ........................................ 33
29. پەرىدە ئابلىز ........................................ 34
30. تاشپۇلات تېيىپ ........................................ 35
31. تۇردى ئوسمان ........................................ 36
32. تۇرسۇن ھۇشۇر ........................................ 38
33. تۇرغۇنجان ئابدۇكېرىم ........................................ 39
34. تۆمۈر تۇرسۇن ........................................ 41
35. خالمۇرات غوپۇر ........................................ 42
36. خەمىت خەكىموپ ........................................ 45
37. دىلبەر توختى ........................................ 46
38. رەنا قاسىم ........................................ 47
39. روزى ھاجى ........................................ 49
40. رۇستەم ئەلى نۇرۇم ........................................ 51
41. رۇشەنگۈل ساۋۇر ........................................ 52
42. زەپەر ئابلىز ........................................ 53
43. ساھىبجامال دۆلەت ........................................ 56
44. غەيرەت تۇرسۇن ........................................ 59

45. كۆرەش ماموتخان ........................................63
46. كۆرەش ئىبراھىم ........................................64
47. كېرەم ئەلى ........................................66
48. لالە سۇزۇك ھاجى ........................................67
49. مەدىنە ئابلىكىم ........................................69
50. مەمتىمىن غېنى ........................................71
51. مەنسۇر سابىت ........................................73
52. مۇرات مىجىت ........................................74
53. مۇھەممەد تۇردى ........................................75
54. مۆمىن ھەبىبۇللا ........................................77
55. مىجىت خۇدابەردى ........................................79
56. نائىل ھاجىيوف ........................................81
57. نىغمەت غوجامبەردى ........................................82
58. ھاجى ئەكبەر ئەيسا ........................................84
59. ھاموت ھاجى مۆمىن ........................................85
60. ھۇسەنجان تۇنىياز ........................................86
61. ئۆمەر موللا ........................................87
62. ئۆمەرجان ئەلى ........................................88
63. پەخىردىن شىرىپ ........................................89
64. ئابلىمىت ئابدۇقادىر ........................................90
65. تالىپ ئوسمان ........................................91
66. ئەنۋەر مۇسا ........................................92
67. تۇرغۇن مۇھەممەد ........................................93

## 1. ئەل فارابى

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبنى ئۇزلۇق ئىبنى تارخان ئەل فارابى 870-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب شەھىرىگە قاراشلىق ۋاسىچ ھەربى قەلئەسىدە بىر ھەربى قوماندان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 950-يىلى سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا پەلسەپە، لوگىكا، گېئومېتىرىيە، ئاستىرونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، تەبىئەت، سىياسەت، ئىجتىمائىيەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، فىلولوگىيە، ھەربى ئىشلار، دىن، تەسەۋۋۇپ، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، كاتىباتلىق، نۇتۇق، تىل، تىلشۇناسلىق، شېئىرىيەت، مۇزىكا، ئەخلاق، مېتودىكا، پەنلەرنى تۈرلەرگە ئايرىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 160پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، ئىنسانىيەت مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپە قوشقان. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئۈچۈنمۇ بىر يورۇق يۇلتۇز. شۇڭا ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ تەرىپلەنگەنھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئېنگىلىز، نېمىس، فىرانسۇز، رۇس، لاتىن، تۈرك، ياپون قاتارلىق كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. تەلىماتلىرى ئوتتورا ئەسىردە شەرق دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغىمۇ سالماق تەسىر كۆرسەتكەن. فارابى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئەينى چاغدىكى سۈرىيە ھۆكۈمرانى سەيفەددەۋلە ئۆزى بىۋاستە ئوقۇغان.

## 2. مەھمۇت قەشقەرى

مەھمۇت قەشقەرى ( 1008 ـ 1105 ) بۈيۈك ئالىم، تىلشۇناس. شاھانە ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ مۇئەللىپى. ئۇ خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، قەشقەردە مەدرىسە ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم بولسىمۇ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما 97 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم.

## 3. تەجەللى

تەجەللى (1850 ~ 1930) ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئىككى دەۋرنى، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللى ھەززەت قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە 80 يېشىدا ۋاپات بولغان. تەجەللى يېتىلگەن شائىر ۋە تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. ئۇ كۆپ تىللىق شائىر بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، پارس، ئەرەب ھىندى تىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىپ پۈتكۈل ئوتتورا ئاسىياغا تونۇلغان.

## 4. ئەلائىددىن خوتەنى

ئەلائىددىن خوتەنى (1150 ـ 1222 ) قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تېببىي ئالىملار قاتارىدا بارلىقنى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان تەبىبىي ئۇستاز ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى ئۆز دەۋرىدە نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگە قەدەر تارقالغان شەخس بولۇپ، ناھايىتى كۆپ تېببىي ئەسەرلەرنى يېزىپ

قالدۇرغان. ئۇ موگغۇل خانى كۆچلۈك تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ياد ئېتىلمەكتە.

## 5. غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى

غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى (1916 ـ 1994) پۈتۈن ئۆمرىدە ئەللىك يىلدىن ئاتۇق ۋاقتىنى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى راك قاتارلىق قىيىن كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كۆپ ئىزدىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈدۈم بولۇپ قالغۇسى.

## 6. ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ( 1924~ 1944) مول بىلىملىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى، نۇرغۇن تارىخىي، تېببىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق بىلىمى بىلەن يۇقىرى شۆھرەت ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن . بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ بۇ ساھەگە بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

## 7. غازىباي

(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3ـ 4 ئەسىرلەر) ئەپلاتون بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆتكەن دەپ قارىلىۋاتقان قەدىمكى داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپى

غازىباي خوتەندە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ «غازىبايىنىڭ ئوت- چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يازغانلىقى مەلۇمدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتون ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غازىبايىنىڭ بۇ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەر ئالغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيەدىن 3- 4 ئەسىر ئىلگىرىلا ئىنسانىيەتنىڭ تېبابەت ئىلمىگە غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 8. ئابدۇقېيۇم خوجا

ئابدۇقېيۇم خوجا- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېينىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو موزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركلوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو دۇنخۇاڭ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى، ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ بىلەن بىرگە)، «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزمغا دائىر مەشھۇر ئەسەر «مايترى سىمىت»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدۇرۇشقا قاتناشقان.

## 9. قۇربان ۋەلى كىروران

ئارخېئولوگ، تىلشۇناس، تارىخشۇناس، قەدىمكى يېزىقلار ۋە تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى قۇربان ۋەلى كىروران 1946- يىلى 12- ئاينىڭ 25-

كـۈنى چەرچەن ناھىيىســـدە دېھقـان ئائىلىســـدە تۇغۇلغـان. 1957 ـ يىلـى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگۈنۈپ، 1959 ـ يىلـدىن باشـلاپ تەرجىمـان بولـۇپ ئىشـلىگەن ھەم 1963 ـ يىلـى بـايىنغولۇن ئوبلاسـتلىق ھۆكـۈمەتكە يۆتكىلىـپ تەرجىمـانلىق قىلغـان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەدىمكى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنـى ئۆزلىكىـدىن ئـۆگەنگەن. 1972 ـ يىلـى 3 ـ ئايـدىن 1975 ـ يىلـى 8 ـ ئـايغىچە شـىئەندە غەربىـي شـىمال داشۆسىنىڭ تارىخ فاكولتېتىدا ئارخېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇش بىلەن بىرگە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدىكى مۇتەخەسىسلەردىن قەدىمكى تۈركى تىلىنـى ئـۆگەنگەن ھەم ئوقۇشـنى ئەلا نەتىـجە بـىلەن پۈتتـۈرۈپ ئـاپتونوم رايونلـۇق موزېيغا خىـزمەتكە چۈشـكەن. خـىزمەت جەريانـىدا جۇڭگـو پەنـلەر ئاكادېمىيىســىنىڭ ئـارخېئولوگىيە تەتقىقـات ئورنىغـا بېرىــپ،«ئوتتـۇرا ئاسـىيا ئارخېئولوگىيىسى» بـويىچە بىلىم ئاشـۇرغان. 1979 ـ يىلـى 3 ـ ئايـدىن 1982 ـ يىلـى 8 ـ ئـايغىچە بېيجىــڭ داشـۆ جەنــۇبىي ئاســيا تەتقىقـات ئورنىنىــڭ ئاسـپىرانتلار سـىنىپىدا سانسـكرت تىلـى ئۆگـۈنىش بىــلەن بىـرگە تــارىخ فاكولتېتىنـــڭ پروفېســـورلىرىدىن «شـــىنجاڭ بـــۇددىزىم ســـەنئىتى ئارخېئولوگىيىسى» بـويىچە تەلىم ئالغـان. شـۇنداق قىلىـپ بـۇ ئـالىم ئـۆز تىرىشچانلىقى ئـارقىلىق ئـارخېئولوگىيە، تـارىخ، پەلسـەپە، قەدىمكى خەنـزۇ تىلى، قەدىمكى خەنزۇ تىلى فونتېكىسى، بۇددىزىم سەنئىتى، قەدىمكى تۈركى تىـل، سانسـكرت تىلـى، مىللەتشۇناسـلىق، ئـانتروپولوگىيە قاتـارلىق پەن ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىلگەن. ئىنگلىز، نېمىس، ياپون تىللىرىنى ئىگىلىش بىلەن بىرگە ساك، تـوخرى، سـوغدى، كارۇشـتى، چاغاتـاي قاتـارلىق ئـۆلگەن قەدىمكى تىللارنىمۇ ئـۆگەنگەن، تـۈرك قاتـارلىق قېرىنـداش مىللەتـلەر تىـل ـ يېزىقىنى بىلىدۇ. قۇربان ۋەلى 1984 ـ يىلـى ئـاپتونوم رايونىمىزنىـڭ قەدىمكـى ئەسـەرلەرنى تـوپلاش، رەتـلەش، نەشـر قىلىش ئىشـلىرىغا كەسـپىي خـادىم بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن قاتناشـقان ھەم 2000 پارچىـدىن ئـارتۇق قەدىمكـى ئەسەرلەرنىڭ توپلىنىشى ۋە 40 پارچە ئەسەرنىڭ نەشرگە سۇلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقىرىپ، 1986 ـ يىلى ئـاپتونوم رايـون بـويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكـا خـادىمى بولـۇپ مۇكاپاتلانغـان. 1987 ـ يىلـى تـارىخ ـ تەزكىـرە نەشـر قىلىـش كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھەررىرلىك ئۇنـۋانى ئالغـان. 1986 ـ ۋە

1987 - يىلى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولغان يۇقىرى قىممەتلىك ھۆججەتلىك ئەسەر - «بىزنىڭ تارىخىي يىزىقلىرىمىز» (ئۇزۇن مەزگىللىك ئىزدىنىشى جەريانىدا يازغان تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى) بىلەن «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»نى نەشىر قىلدۇرغان. ئالىمنىڭ ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرى «خەلق گېزىتى»نىڭ خەلقئارا بېتىنىڭ 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدا «شىنجاڭدىكى قەدىمكى يېزىقنىڭ سىر دەرۋازىسىنى ئاچقان كىشى» ماۋزۇلۇق ماقالە بىلەن مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان.

## 10. جامالىددىن

جامالىددىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئاسترونوم، كالىندارشۇناس ھەم داڭلىق تارىخچى. بىراق ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بىزگە پەقەت ئۇنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى قۇبىلاينىڭ مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ، قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدىكى شىمالىي پايتەختتە ئىسلام رەسەتخانىسى قۇرغانلىقى، 1267 - يىلى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان يەتتە خىل ئەسۋابنى كەشىپ قىلغانلىقى، بۇ ئەسۋابلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشقا جايلىرىدا ياسالغان ھەرقانداق ئەسۋابدىن، جۈملىدىن مەشھۇر ئاسترونوم گو شۇجىن ياسىغان ئاسترونومىيە ئەسۋابىدىنمۇ كۆپ ئىلغار ئىكەنلىكى، «ئۇزۇن يىللىق كالىندار» ناملىق بىر كالىندارنى تۈزۈپ چىققانلىقى ھەم كالىندار تۈزۈش جەھەتتە جامالىددىننىڭ گو شىجىنغا ئۇستاز بولغانلىقى، 18 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار، ناھىيە ۋە ئوبلاستلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مۇھىم تارىخىي ئىش - پائالىيەتلەر، مەشھۇر - ئارشاڭ - بۇلاقلار، تاغ - دەريالار، تارىخىي شەخسلەر ھەمدە دانىشمەنلەر يازمىلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان، 600

قىسىم، 1300 جىلدلىق «يۈەن دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم.

## 11. يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۆمۈر تۇۋرۇك.

تۆمۈر تۇۋرۇك (خەنزۇچە ئىسمى لۇ مىڭشەن 鲁明善) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئاگرونوم بولۇپ، تۇرپان قارىغوجىدىن. ئۇنىڭ دادىسى ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇچە، سانسكرىتچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە تىل-يېزىقلىرىنى پىششىق بىلىدىغان داڭلىق تىلماچ ھەم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرىنى تەربىيلەيدىغان «خانزادىلەر مەكتىپى» نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. تۆمۈر تۇۋرۇك ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ھەم تىرىشچان ۋە ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئىگىلىگەن. كېيىن ئۇ بىر مەزگىل خۇنەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدە ناھىيە ئەمەلدارى بولغان. تۆمۈر تۇۋرۇك يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئىشلارغا ئەڭ قىزىقىدىغان بولۇپ، ئۇزاقمەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكى ساھەسىدە جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن. 1314-يىلى كۆپ يىللىق ئىزدىنىشى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولغان، ھاۋا رايى، سۇ ئىنشائاتى، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىككە دائىر يېزا ئىگىلىككە دائىر مەزمۇنلارنى ھەم گۆش، تۇخۇم، كۆكتاتلارنى ساقلاش، چىلاش، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش، داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى توملۇق «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى» ناملىق كاتتا ئەسەرنى يېزىپ باستۇرۇپ، ھەرقايسى يېزىلارغىچە تارقىتىلغان ھەم كاتتا شۆھرەت قازانغان. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نوپۇزلۇق يېزا ئىگىلىك قوللانمىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. نەتىجىدە جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىربالداق يۇقىرى كۆتىرىلگەن. بىر قىسىم زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش، سۇغۇرۇلۇش، ئوغۇتلاش ۋاقتى ۋە ئۇسۇللىرى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا مۇھىم ئاساس سالغان. غەربىي رايون ئەللىرىدە ئۆستۈرۈلىدىغان كۆممىقۇناق، سەۋزە،

تۇرۇپ، چامغۇر، ئۈزۈم قاتارلىق بىرمۇنچە زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇ بىر ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇرتىمىزغا خاس بولغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە تۆل ئېلىشقا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى خەنزۇلار رايونىغا تونۇشتۇرغان. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرى تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە ھەم «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومومىي تىزىمى» ناملىق كىتابتا: «تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ بۇ كىتابى سېستىمىلىق، ئېنىق، ئاممىباپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يىغىش، ساقلاشقا دائىر بايانلار كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەزمۇنى ئىلگىرى يېزىلغان يېزا ئىگىلىككە دائىر كىتابلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن مول بولۇپ، ھەقىقەتەن بىباھا كىتابتۇر...» دەپ يېزىلغان. نۇرغۇن ئالىملار تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ بۇ كىتابىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن ئۈچ چوڭ دېھقانچىلىق دەستۇرىنىڭ بىرى دەپ تەرىپلەشكەن.

## 12. مەشھۇر دېڭىزچى ئىل ئىھمىش

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان دېڭىزچىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال ئېتىبارلانغان ھالدا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئوكيان (ھىندى ئوكيان) غا 7 قېتىم سەپەر قىلغان مەشھۇر خويزۇ دېڭىزچى جېڭخېنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە موڭغۇل خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ئىل ئىھمىش جېڭخېدىن 130 يىل بۇرۇن يىراق ھىندى ئوكيانغا بېرىشتەك شانلىق تارىخنى يېزىپ چىققان.

1278-يىلى قۇبىلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتىنى تاماملاپ، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىن باشقا پۈتۈن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى بويسۇندۇرغان بولۇپ، بۇ چاغدا

قۇبلاينىڭ كېيىنكى نىشانى ئۇلۇغ ئوكيان ئاراللىرى ئىدى. 1280-يىلى 100 مىڭ كىشىلىك سۇ قوشۇنى ھازىرقى فۇجيەننىڭ چۈەنجۇ پورتىدىن يولغا چىقىپ، كورىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئوكيان ھەربىي يۈرۈشى ئىدى. لېكىن بۇ قوشۇنلار دېڭىزدا بورانغا ئۇچراپ تەلتۆكۈس ۋەيران بولدى. 1283-يىلى قۇبلاي ياپونىيىگە يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ توپىلىڭى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن، موڭغۇللارنىڭ دېڭىز-ئوكيان قوشۇنى ياپونىيىگە يۈرۈش قىلىش باھانىسىدا رەسمىي شەكىللەندى ھەمدە بۇ يۈزلىنىش ئارقىسىدا بىر تۈركۈم دېڭىزچىلار ۋە دېڭىز ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرى بارلىققا كەلدى. ئىل ئېھمىش ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر.

ئىل ئېھمىشنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى نامەلۇم. ئۇ توغرۇلۇق قۇبلاينىڭ 2-يىلى، يەنى 1265-يىلىدىن باشلاپ خاتىرە قالدۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئىل ئېھمىشنىڭ دېڭىز-ئوكيان ئىشلىرى ھەم دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن 1274-يىلى قۇبلاي ئۇنى ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئوتتۇرانچى ۋازىرلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىن خۇبېي، خۇنەن، جەنچىڭ ۋەزىر مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، جەنچىڭ رايونىدا ئىش باشقۇرغان. 1287-يىلى موڭغۇللارنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قوشۇنلىرى ۋېيتنامنىڭ كامپا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئىل ئېھمىش قۇبلاينىڭ ئوغلى، جەنۇبنى تىنجىتىش تۆرىسى تۇغانغا ياردەملىشىپ دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بولغان. 1293-يىلى يەنە ئۆزى بىۋاستە 30 مىڭ كىشىلىك سۇ قوشۇننى باشلاپ ھىندونېزىيىگە يۈرۈش قىلىشقا ئاتلانغان. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، قۇبلاي ئۇنىڭ دېڭىزچىلىق جەھەتتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىناۋەتلىك تۆرە، مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بېرىپ، دانىشمەنلەر ھوجرىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. 1312-يىلى ئۇنىڭغا يەنە «ۋۇ كېنەزلىكىنىڭ ئەمىرى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. ئىل

ئېھمىش 1314 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىل ئېھمىشنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلىرى تەڭ باراۋەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىختا ياراتقان ئۇتۇقلىرى يەنىلا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى دېڭىز ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى. ئۇ 1272 ـ يىلدىن 1301 ـ يىلغىچە بولغان ئارلىقتا قۇبلاينىڭ يارلىقى بىلەن بارۇب، زىڭگار (سىرىلانكا)، مابار (ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى)، نانۋارا (ھىندونېزىيەدىكى سۇماترانىڭ غەربى)، سۇماترا قاتارلىق جايلارنى 20 يىل ئايلىنىپ، جۇڭگو زېمىنى بىلەن تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا بېرىپ ـ كېلىش جەھەتتىكى ئىشلارنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىڭ دەۋرىدىكى جېڭخېنىڭ دېڭىزچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە ھەم ماتېرىيال تـوپلاپ بەردى. ئۇ يەنە جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ياۋا تىلىنى (ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىدىكى بىر مىللەتنىڭ تىلى) بىلگۈچى شەخس بولۇپ قالدى.

## 13. مىجىت ناسىر

خەلق سۆيەر رەھبەر، يېزا ئەنلىكى ئىلمى مۇتەخەسسىسى، ئەدىپ مىجىت ناسىر 1938 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارا بوز يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە تاشكەنت يېزا ئەنلىك ئىنىستىتۇتىدا ئاگرونومىيە فاكولتېتى رۇس تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1962 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن ھەم ئىنىستىتۇت دىرېكتورى، ئاكادېمىيە مۇئاۋىن باشلىقى ۋە پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى بولغان. 1986 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، نازىرى بولغان. 1993 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1998 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2003-يىلى 1-ئايدا پېنسىيەگە چىققان. ئۇ 1980-يىللاردا يېزا ئەبلىك مىنىستىرلىكىنىڭ چەتئەلگە چىقىرىدىغان 80 مىڭ خەتلىك ماتېرىيالىنى خەنزۇچىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. «كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «كېۋەز سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىش» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. 1990-يىلدىن باشلاپ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە يۈزلىنىپ، تەسىر كۈچى زور بىرتۈركۈم ماقالىلارنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە «كۆڭۈل سوۋغىسى» (2000-يىلى)، «سەبىيلەرنى سۆيگەنلىك-كەلگۈسىنى سۆيگەنلىك»، (2006-يىلى)، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەبىئىي پەن تۆھپىكارلىرى» (2008-يىلى) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ ساھەدىمۇ كەڭ خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

## 14. ھۇشۇر ئىسلام

كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى ھۇشۇر ئىسلام 1942-يىلى 8-ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيىسى جاغىستاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا فىزىكا كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1964-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، بۇ مەكتەپتە 17 يىل ئىشلىگەن. 1981-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، بىر قاتار كەسپىي، مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ھۇشۇر ئىسلام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى، مەركىزىي كومپارتىيە تەشكىلات بۆلۈمى باشقۇرىدىغان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاھىدە دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت ئالىمى، ئۈچ قېتىم جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا كۆرسىتىلگەن نامزات، دۆلەتلىك ئالاھىدە تۆھپىكار مۇتەخەسسىس، دۆلەتلىك ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس (.ئۈچ نۆۋەت)، دۆلەتلىك 10 مۇنەۋۋەر مۇھاجىر

خادىمنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كومپيۇتېر، ئۇچۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەتلىك «211 قۇرۇلۇشى»، «شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالاقە ئىلمى» نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچىسى، دوكتۇر ۋە دوكتۇر ئاشتى تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ قۇرۇغۇچىسى، تۆت خىل كومپيۇتېر ئۇچۇر ماگىستىرلىق تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ ھەم كۆپ خىل تىل-يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرۇغۇچىسى. ئۇ 50 تىن ئارتۇق ئاسپىرانت ۋە ياش تايانچنى تەربىيىلىگەن. خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا 70 تىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان. ئىككى قېتىم خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك يىغىنلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان، 15 قېتىمدىن كۆپرەك خەلقئارالىق يىغىنلاردا ماقالە ئوقۇغان، 10 پارچە ئىلمىي مەكتەپ دەرسلىكى يازغان، 10 مىڭدىن ئارتۇق كومپيۇتېر-ئېلېكترون سۆزلۈكلىرىنىڭ ئۆلچەملىك ئاتالغۇسىنى بېكىتىپ چىققان.

پەن-تېخنىكا جەھەتتە: دۆلەت «863» يۇقىرى تېخنىكىلىق تەتقىقات پىلانىدىكى ئىقتىدارلىق ماشىنا تەتقىقات تۈرىدىن يەتتىگە، دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى تەتقىقاتىدىن ئۈچكە، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرى بولۇپ جەمئىي 20 دىن ئارتۇق كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يېڭى سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى تېخنىكىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئارقىلىق مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2- ۋە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۈچ تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئالتە تۈر «مەملىكەتلىك تۇنجى ئىجادىيەت» ۋە «خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيە» دەپ بېكىتىلگەن. بەش تۈردە مەملىكەتلىك ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتكەن. سەككىز تۈردە مەملىكەتلىك پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. نۆۋەتتە دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەتقىقات تۈرىدىن سەككىزگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش ساھەسىنى ئاچقان.
ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى كۆپ خىل يېزىقلىق 2.0DOS دىن 6.2DOS گىچە، XP/2000/98/95/3.1WHNDOWIS تۈردىكى ھەر خىل مەشغۇلات سىستېمىلىرى ۋە يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپ چىققان. ئوخشىمىغان يۆلىنىش، ئوخشىمىغان كەڭلىكتىكى كۆپ خىل يېزىقلارنى قوش يۆلىنىشتە ئارىلاشما بىر تەرەپ قىلىشنى ھەل قىلغان.

ئۇ تۈنجى بولۇپ تەتقىقلىپ چىققان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە چاقىرغۇ ۋە يانفۇنلار شىنجاڭدا تورلاشتى.ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلچەملىك توچكىلىق ھەرپ ئامبىرىنى قۇرۇپ، ۋېكتورلۇق ھەرپ، ئۈچ ئۆلچەملىك ئەگرى سىزىقلىق ھەرپ دەرىجىسىگە كۆتەردى. مېخانىك خەت بېسىش، مىخ مەتبەئە ساھەسىنىڭ ئېلېكترونلۇق ماشىنا، ئاپتوماتلىشىش دەۋرىگە كىرىشىگە زور تۆھپە قوشتى.

دۆلەت ئىچى-سىرتىدا ALTAYتىلى سىستېمىسىدا تۈنجى بولۇپ ئۇيغۇرچە ئاۋاز تونۇش سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. 10 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنىڭ خەلقئارالىق ۋە دۆلەتلىك ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى Unicode غا كىرگۈزۈپ، ئۇيغۇرچە، قازاكچە، قىرغىزچە ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى خەلقئارا يۈزلەندۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى. تورلاشتۇرۇشتىكى «كۆرۈش، مۇلازىمەتچى، مەلۇمات ئامبىرى»دىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتلىك سىستېما قۇرۇلۇشى قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. شاگىرتلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرگە 20 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش ساھەسىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم كۆپ مۇھىتلاشتۇرۇش ۋە تورلاشتۇرۇش جەھەتتىن يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈردى.

ئەمەلىي قوللۇنىلىدىغان سىستېمىلار: كۆپ خىل يېزىق «شىلىڭ خەن»

ۋە «بۇغدا» مەتبە سىستېمىسى، ئاز سانلىق مىللەت ئۇچۇر ئامبىرىنى ئاپتوماتىك شەكىللەندۈرۈش سىستېمىسى، ئۇيغۇرچە ئاۋاز تونۇش-سىنتېزلاش سىستېمىسى، «ئۇيغۇرچە كومپيۇتېرلىق ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى»، «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە چاقىرغۇ، ئىنگلىزچە-خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «863» ۋە «ساردار» تور بېكەتلىرى، «دەنچىن» ماركىلىق ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانا،ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە يانفون (ئۈچ خىل)، رادىئو ئىستانسى ھۆججەت تور سىستېمىسى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق ھۆججەتلىرىنى يوللاش، قوبۇللاش سىستېمىسى، ئۇيغۇرچە ئىشخانا، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنگۈچىلەر ئۈچۈن ئىمتىھان ئېلىش سىستېمىسى، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، رۇسچە Linux مەشغۇلات سىستېمىسى قاتارلىقلار.

ھازىر ھۇشۇر ئىسلام يەنە كومپيۇتېر كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى ھەم نەزەرىيىسى ساھەسىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەككىز نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا يۈزلەندۈرۈش تەتقىقاتىدىنئىككىنى ئىشلىمەكتە. ئۇ يېتەكلىگەن ستودېنتلار كەشپىياتلىرى 6-نۆۋەتلىك «غالىبلار لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ستودېنتلار ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نامىدىن 7-لىككە (مەملىكەت بويىچە چېگىراۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قالسىلا 2-لىككە) ئېرىشكەن. ھۇشۇر ئىسلام «مۇنەۋۋەر باغۋەن» مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «رىغبەتلەندۈرۈش» ۋە «تەشكىللەش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئالىم ھۇشۇر ئىسلامنىڭ توختىماي ئىزدىنىش، بەل قويۇۋەتمەي ئالغا ئىلگىرلەش، جۈرئەتلىك يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە يۇقارقىدەك بىرقاتار نەتىجىلىرى تەبىئىي پەنگە «قىيىن»لىق ماركىسىنى ئېسىپ، ئۇنىڭدىن قېچىۋاتقان، تەبىئىي پەن ئۆگىنىشكە سەل قاراپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان، «بىز ئەزەلدىن ناخشا-ئۇسۇلچى مىللەت، تەبىئىي پەندىن نەتىجە يارىتىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ» دەپ، روھى چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ياشاۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭمۇ تىرىشسا تەبىئىي پەن

ساھەسىدىمۇ نى ـ نى كارامەتلەرنى يارىتالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئويغۇتىشىغا ۋە ئۆزگە ئىشىنىپ، جۈرئەتلىك ھالدا يول ئېچىپ ئىلگىرلەپ، تەبىئىي پەن ساھەسىگە قەدەم بېسىشىغا ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا ئىلھام بولۇپ قالغۇسى.

## 15. ئابدۇرېشت ئابدۇۋەلى

ماتېماتىكا پەنلىرى ئالىمى، دوكتۇر ئاشتى ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەتىجە بىلەنشىنجاڭ يۇقىرى ئەڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1984 ـ يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شۇ فاكولتېتنىڭ ئۆزگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە چاڭچۈندە ياپون تىلى ئۆگۈنۈپ، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيىنىڭ ئوكا ياما تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا بارغان. 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەبىئىي پەنلەر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 29 يېشىدا تەبىئىي پەنلەر بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دوكتۇر ئاشتىلىق تەتقىقاتىنى نەتىجىلىك تاماملاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دوكتۇر ئاشتى ئىدى. 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ماتېماتىكا فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياپونىيە كىيوتو ئۇنىۋېرستېتىدا ئالىي تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا ھېسابلاش ماتېماتىكىسىدىكى مۇرەككەپ دىففېرېنسال تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى يېشىش توغرىسىدا 16 پارچە پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىپ، كەسپداشلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويغان مۇرەككەپ دىففېرېنسال تەڭلىمىسىنى يېشىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئاددىي، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى « قىسمىي C ـ » Nياپونىيىدە ئېلان

قىلىنغان ھېسابلاش ماتېماتىكىسى ساھەسىدىكى 1940 ـ يىلىدىن بۇيانقى يېڭى نەتىجىلەر كىرگۈزۈلگەن ماتېماتىكا قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلارغا دەرس بېرىش بىلەن بىرگە ئاسپىرانت تەربىيىلەش ھەمدە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 15 نەپەر ئاسپىرانتنى تەربىيىلەپ چىققان. دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسىدىن ئۈچنى، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى تەتقىقات تېمىسىدىن بىرنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىنى، مەكتەپ تەتقىقات تېمىسىدىن بىر تۈرنى نەتىجىلىك ئىشلەپ تۈگەتكەن. 45 پارچىدىن ئارتۇق تەتقىقات ماقالىسى يېزىپ، مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. بىر پارچە ماقالىسى 1998 ـ يىلى خەلقئارالىق ISTP غا كىرگۈزۈلگەن. يەنە بىر پارچىسى 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەنلەر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى ئۆزىنىڭ يۇقارقىدەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىككى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گۇۋاڭ خۇا مۇكاپاتىغا، بىر قېتىم سىن شىنئاڭ ئىختىساس ئىگىلىرى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك «كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى» مۇسابىقىسىدە ئەلا باھالانغان. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىلغار تەتقىقات ماقالىسى مۇكاپاتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات تەرەققىيات مۇكاپاتى، ئىلغار ئوقۇتۇش تەتقىقات مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئىككى نۆۋەت دۆلەت دەرىجىلىك ھېسابلاش ماتېماتىكىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقان ھەم بۇ نەتىجىسى بىلەن 1997 ـ يىلى 34 يېشىدا پروفېسسور بولغان. 1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2006 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەم مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېستېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ھېسابلاش ماتېماتىكىسى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ماتېماتىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

## 16. ئابدۇللا قادىرى

قاناتلىق ئىنسان ئابدۇللا قادىرى 1957-يىلى 10-ئايدا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1968-يىلى تۇرپان 2-ئوتتۇرا ماكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1969-يىلدىن 1971-يىلغىچە تۇرپان دارىلمۇئەللىمىندە ئېنگىلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1985-يىلغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1985-يىلىدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش مەركىزى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئابدۇللاقادىرى يۇقارقىلاردىنباشقا يەنە 1986-يىلى ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەربىيلەش كۇرسىغا قاتناشقان. 1987-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا هازىرقا زامان مائارىپ تېخنىكىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

ئۇ ئوقۇتۇش جەريانىدا ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشنى زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە مەلۇم نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئوقۇغۇچىلارنى تۈرلۈك پەن-تېخنىكا كۇرسلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، 60 تىن ئارتۇق ئىجادىي ئەسەرلىرىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن. شۇ ئارقىلىق ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان پەن-تېخنىكا يېتەكچىسى، مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى تۇرپان 1- نومۇرلۇق ئايروپىلاننى ياساپ، ئۇچۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەم شىياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىك خاتىرىسىگە سوۋغات قىلغان. ئۇ بۇ ئايروپىلانى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان تۇنجى ۋە بىردىنبىر ئايروپىلان ياسىغۇچى بولۇپ قالغان. ئۇ يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر ئىسسىق

ھاۋا شارى ئۇچۇرۇش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن شەخس، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

1997 ـ يىلىدىن بۇيان ئابدۇللا قادىر يەنە تۇرپان 2 ـ، تۇرپان 3 ـ قاتارلىق ئايروپىلانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. پويىزنىڭ رىلىسىنى 45 گرادۇسلۇق ئۆلاش قاتارلىق 12 تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكېدىمىيىسىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭدىكى ئېچىشتىكى ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىسى. ئۇ نۆۋەتتە دۇنيادا قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە، تەبىئىي ماگنىتتىن پايدىلىنىپ ئېنېرگىيە ھەل قىلىش تۈرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

## 17. ئابدۇۋايىت يۈسۈپ

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئابدۇۋايىت يۈسۈپ 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇمۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. 1978 ـ يىلى تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە سانائەت كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، 1978 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكولتېتىغا يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 1981 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە شۇ فاكولتېتنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇغان. 1991 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى ئۆگەنگەن. 1994 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە ياپونىيە ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا نازۇك پەردە ئارقىلىق فىلتىرلەش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1997 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان. 2000-يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيارەت قىلغۇچى ئالىملىق سالاھىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ياپونىيە ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى تەتقىقات .ىنىستىتۇتىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ياپونىيىلىك بىر نەپەر دوكتور ئاسپىرانتى، بىر نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ نازۇك پەردە ئارقىلىق فىلتىرلەش تەتقىقاتىنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ پەردە ئارقىلىق ئايرىش ساھەسىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلانغان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۇرنالالاردا 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. تەبىئىي پەن فوندىنىڭ بىر تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، مۇھىم ئىزاسى بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلىم-پەن كومىتېتىنىڭ ۋە ئۇنىۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ بوستانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھىت تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ پەن باشلامچىسى، ياپونىيە خىمىيە سانائىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 18. ئابلەھەت ئابدۇرېھىم

ئوتلاقچىلىق ئالىمى، پروفېسسور ئابلەھەت ئابدۇرېھىم 1952-يىلى 7-ئايدا قارا شەھەردە تۇغۇلغان. 1977-يىلى شىنجاڭ 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى چارۋا مال دوختۇرلۇق فاكولتېتى ئوتلاقچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ھازىر مەزكۇر مەكتەپنىڭ فاكولتېت مۇئاۋىن مۇدىرى، چارۋىچىلىق شۆبە ئىنىستىتۇتى باش ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئىگە. ئوتلاقچىلىق ئىلمىدە ماگىستىر ۋە دوكتور يېتەكچىسى. 1993-يىلدىن 2005-يىلغىچە بەش قېتىم ياپونىيىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان، دەرس سۆزلىگەن، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ياپونىيىدىكى ئوب خىرو چارۋىچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتلاقچىلىق

كافېدراسى ھەم خوككايدو داكۇنوگاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئالاھىدە تەكلىپقىلىنغان پروفېسسورى» بولغان. ھازىر جۇڭگو ئوتلاقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق سەككىز ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى. ھازىرغا قەدەر 10 نەپەر ئاسپىرانت، بىر نەپەر دوكتور تەربىيلىدى. پەن-تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا، دۆلەت ئىچى-سىرتىدا «ئوت-چۆپ گېن بايلىقلىرىنى كۆپەيتىش، رەتلەش ۋە ئامبارغا كىرگۈزۈش»، «شىنجاڭ چىملىق ئۆسۈملۈك بايلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ قارا ئىجىرىقى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» قاتارلىق 13 تۈرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈچ چىملىق ئوتى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن چىملىق ئوتى سورتى يوق بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئۇ 1998-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى»، 2000-يىلى «گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»، 2004-يىلى «گوۋيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. «ياپونىيە خوككويدو چارۋىچىلىقى»، «شىنجاڭ قارا ئىجىرىقى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 42 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

## 19. ئابلىمىت ئابدۇقادىر

زوئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابلىمىت ئابدۇقادىر 1953-يىلى 12-ئايدا نىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1977-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە، جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور يېتەكچىسى، شۋېتسارىيە لوسان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھايۋانئاتلارنى قوغداش-قۇتقۇزۇش ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ۋە خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم

رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. ئابلىمىت ئابدۇقادىر جۇڭگو پىنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان «جۇڭگو ياۋا ئېتى ۋە ياۋا تۆگىسىنى چارلاش ۋە تەتقىق قىلىش، «شىنجاڭ قۇشلىرى بايلىق مەنبەسىنى چارلاش ۋە تەتقىق قىلىش» قاتارلىق مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىدىن 10 نەچچىنى تاماملىغان. بۇنىڭدىن ئۈچى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2- ۋە 3- دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ يەنە «شىنجاڭنىڭ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلىرى» قاتارلىق سەككىز كىتابى نەشر قىلىنغان. 43 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. يەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىسىدىنمۇ 137 پارچىنى ئېلان قىلغان. 1997- يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «فاڭ شۇچۈەن ياش ئالىملىرى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## 20. ئادالەت ئەخمەتجان

مۇتەخەسسىس مۇدىر ۋراچ، دوكتۇر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئادالەت ئەخمەتجان (قاسىمى) 1946- يىلى 10- ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1976- يىلى شاڭخەي 2- تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچكى بۆلۈم تىببىي ئىلمى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1986- 1987- يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرى تەتقىقات مەركىزىدە دوكتۇرلۇقتا ئوقۇغان.

ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1- دوختۇرخانىسى ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئىچكى بۆلۈم تىببىي ئىلمى فاكولتېتىنىڭ دائىمىي مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرى سۈپەت-كونترول مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. تەتقىقات جەھەتتە يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى جاغ سۆڭەك زەخمىسىنى

يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن مۇقۇملاشتۇرۇش، يۈز قىسىمدىكى ئۆسمىلەرنى ئاكتىپ داۋالاش قاتارلىق خەلقئارالىق يېڭىلىقلارنى اپتونوم رايونىمىزغا ئېلىپ كىرگەن. دۆلىتىمىزدىكى نوپوزلۇق ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. 2003-يىلى ئۇ ئىشلىگەن تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## 21. ئامىنە ئابلىمىت

نۇقۇت تەتقىقاتچىسى ئامىنە ئابلىمىت 1983-يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن 1995-يىلىدىن 1997-يىلىغىچە نۇقۇتنىڭ سورتلىرىنى يىغىپ، تاللاپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق پەرۋىش قىلىش تەتقىقاتى، 1997-يىلىدىن 1998-يىلىغىچە نۇقۇتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەتقىقاتى، 1999-يىلىدىن 2001-يىلىغىچە نۇقۇتنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتى، 2001-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە ئەلا سۈپەتلىك خېنە سورتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەتقىقاتى قاتارلىق تۆت يېتۈرلۈك تەتقىقاتنى مۇستەقىل ئىشلەپ نەتىجە قازانغان. 1999-يىلىدىن 2001-يىلىغىچە نۇقۇتنىڭ دورىلىق قىممىتىنى تەتقىق قىلىش تەتقىقاتى، 1997-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە خەلقئارالىق نۇقۇت تەتقىقاتى، 2001-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە قۇرغاق-قاقاس رايونلاردىكى ياۋايى دورىلىق ئۆسۈملۈك لوپنۇر كەندىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەتقىقاتى، 2004-يىلىدىن كېيىن قۇملۇق كۆكەرتىش تەتقىقاتىنى باشقىلار بىلەن بىللە ئىشلەپ نەتىجە قازانغان.1986-يىلىدىن 1990-يىلىغىچە سۈلۈ يارمىسىنى ئىجاد قىلىپ، 1999-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر يۈرۈش نۇقۇت تالقانلىرى 1999-يىلى خەلقئارالىق 3-نۆۋەتلىك يېمەكلىكلەر كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 26 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىر پارچىسى 1995-يىلى

خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورگىنىنىڭ خەلقئارالىق يادرو ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان.

## 22. ئەسقەر ھەمدۇللا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، پروفېسسور، دوكتور ئاشتى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ئەسقەر ھەمدۇللا 1972-يىلى 2-ئايدا خوتەن شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1-قارار پەن-تېخنىكا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. 1993-يىلى مەكتەپنىڭ تاللىشى بىلەن جۇڭگو ئېلېكتىرون پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەربىيلىنىشكە ئەۋەتىلگەن. 1999-يىلى ئالاقە قۇرۇلۇشى كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2003-يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلگەن.. 2003-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا پەنلىرى ئىلمى دوكتور ئاشتى سەييارە تەتقىقات پونكىتىغا كىرىپ، 2005-يىلى 9-ئايدا تەتقىقات ئىشلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىغان. شۇ يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2006-يىلى «شىنجاڭدىكى 10 مۇنەۋۋەر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە مەملىكەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوندى، مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى «باھار پىلانى» تۈرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا نازارىتى يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى تۈرى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئالىي مەكتەپ تەتقىقات پىلانى نۇقتىلىق تۈرى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرى بويىچە ئالتە چوڭ تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 2006-يىلى ئۇ قاتناشقان بىر تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە 3-دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى نۇقتىلىق ژۇرناللاردا 20 نەچچە پارچە

ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ھازىر ئەسقەر ھەمدۇللا ستودېنت ۋە ئاسپىرانتلارغا ئېلېكتىرون تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسى بولىيچە دەرس بېرىۋاتىدۇ ھەمدە كومپيۇتېردا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى تىل-يېزىق ئۇچۇرىنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى بويىچە تۆت چوڭ يۆنىلىشتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

## 23. ئەلى ھېسامىدىن

ئاستىرونومىيە مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدۆلەتلىك رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، دوكتۇر ئەلى ھېسامىدىن 1969-يىلى 4-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 9187-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاستىرونومىيە فاكولتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى رەسەتخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. 1991-يىلدىن 1993-يىلغىچە ئۈرۈمچى رەسەتخانىسىدا قۇياش رادىئاتسىيىسىنى كۆزىتىش ۋە قۇياش تاجىسى فىزىكىسى ھەمدە كورونوگراف تەتقىقاتىدا نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1993-يىلدىن 1996-يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا رەسەتخانا ئورنىنى تاللاش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1996-يىلدىن 1998-يىلغىچە بېيجىڭ رەسەتخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئادەتتىن تاشقىرى يېڭى يۇلتۇزدىن ئالتىنى، جىددىي ئۆزگىرىشچان يۇلتۇزدىن تۆتنى، يېڭى يۇلتۇزدىن بىرنى تاپقان. 1998-يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى رەسەتخانىسىدا WLBI گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئىمپۇلس يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان.

## 24. ئالىي ئارختېكتور ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1953 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1977 ـ يىلى لەنجۇ ئۇنۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ـ مېخانىك فاكولتېتىنىڭ مېخانىك كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىرقى شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات مەھكىمىسىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر ئۇ شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات مەھكىمىسىنىڭ ئالىي ئارخىتېكتورى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك رويىخەتكە ئالغان ئارخىتېكتور، شىنجاڭ ئارخىتېكتورلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو مىللىي بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىزچىل بىلىم ئاشۇرۇپ، جۇڭگو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپىنى، چوڭچىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا بىناكارلىق كەسپىنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى كەسپىنى، شىئەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەملىكەتلىك نازارەتچىلىك ئىنژېنېرلىقى كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ قۇرۇلما لايىھەلەش كەسپىدە سەككىز يىل، بىناكارلىق لايىھەلەش كەسپىدە 22 يىل ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ھەر خىل ئىقتىدارلىق قۇرۇلما شەكىللىك قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىگەن ھەم بۇنىڭ بىر قىسمى ئەلا سۈپەتلىك لايىھەلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر خىش تۇقۇلما، چىنە خىش تۇپلانمىسى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ نەشىر قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئەسەر ھوقۇقىنى ئالغان. دۆلەتلىك تۆت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. شىياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت تېخنىكىسى كۆرگەزمىسىنى تەشكىللەش كومىتېتىنىڭ «دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش نەتىجە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 4 ـ نومۇرلۇق پاتېنت شۇ كومىتېتىنىڭ «2002 ـ يىللىق ئالتۇنمېدال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

## 25. ئەنۋەر ھەسەن

چارۋىچىلىق پەنلىرى پروفېسسورى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، دوكتۇر ئاشتى ئەنۋەر ھەسەن 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۇچاردا تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ يېزائىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق فاكولتېتى ئوتلاقچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلغان. 1997 ـ يىلى ياپونىيە راكۇنوگاكويىن (چارۋىچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئوقۇپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2003 ـ يىلغىچە ئۆز مەكتىپىنىڭ چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ھازىر ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئەنۋەر ھەسەن ئۆزىنىڭ ئىلمىگە بولغان قىزغىنلىقى بىلەن توختىماي ئىلگىرلەپ، ھازىرغىچە خەلقئارا ۋە ياپونىيىدە ئېچىلغان يىغىنلاردا 10 قېتىم ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. 46 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ قاتناشقان ئىككى تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ دۆلەت تەبىئىي پەن مەبلەغ تۈرىنى تەستىقلاش گۇرۇپپىسى قاتارلىق بەش مۇتەخەسسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، راكۇنوگاكويىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پرافېسسورى.

## 26. باقى يۈسۈپ ھاجى

مىللىي تىبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسى باقى يۈسۈپ ھاجى 1933 ـ يىلى خوتەن لوپ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى بۇيا يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا تىبابەتچىلىككە دائىر دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تېۋىپلىق قىلغان. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ھەم ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش بىرقەدەر قىيىن

ھەم مۇرەككەپ بولغان ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، قان تومۇر سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى سىستېمىسى كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقى كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ھەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. «ئادىراسمان مەلھەمنىڭ يېڭى دورا تەتقىقاتى» ۋە «غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى كلىنىكىلىق دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلەرنى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش» قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق، دۆلەتلىك پەن-تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەم «زۇكام جەۋھىرى»، «قۇۋۋەتى ئەلا ئىچىملىكى»، «ئانار شەربىتى»، «قىزىلگۈل گۈلقەندتى»، «چايلىق»، «سىيادان مېيى» قاتارلىق دورىلارنى يېڭى دورا ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىگە ئاساس سالغان. سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. 2003-يىلى ئېچىلغان خەلقئارالىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. 26 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ھىلال ئاي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك پەن-تېخنىكا قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى دورىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى-مىللىي سەھىيە خادىملىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانلىرىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلقئارالىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يىغىنى تەشكىلىي ھەيئىتى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ژۇرنىلى تۈزۈش ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى»، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى»، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى بويىچە «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ

باھالانغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو جۇڭيى تېبابەتچىلىك دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى.

## 27. بەختىنىسا مۇھەممەتئېلى

يادرو بىئولوگىيە تەتقىقاتچىسى بەختىنىسا مۇھەممەتئېلى 1962-يىلى 3-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1981-يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئاگرونومىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يادرو بىئوتېخنىكا تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان. 1996-يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاگرونومىيە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2000-يىل 9-ئايدىن 2002-يىلى 7-ئايغىچە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا تايانچلىرىنى ئالاھىدە تەربىيەلەشكە قاتناشقان. 2004-يىلى تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

بەختىنىسا مۇھەممەتئېلى «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋەزنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتىكى ئوزۇقلۇق ئىلمى ئاساسى» (مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن فوندى تۈرى، 1998-2000)، «گوڭگۇرتنىڭ پاختا مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» (ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت تېخنىكا تايانچلىرىنى ئالاھىدە تەربىيەلەش فوندى تۈرى، 2004-2006) قاتارلىق يەتتە پەن تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. يېزا ئىگىلىكمىنىستىرلىكىنىڭ 948 تۈرى، مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن فوندى تۈرى، جۇڭگو-گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى تۈر، ئاپتونو9م رايونلۇق تەبىئىي پەن فوندى تۈرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ياش تەتقىقاتچىلار فوندىنىڭ ماددىي ياردەم تۈرى قاتارلىق 15 پەن تەتقىقات

تۈرگە قانىشىپ، ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىدىن ئالتىگە، پاتېنت ھوقۇقىدىن ئىككىگە ئېرىشكەن. مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا 26 پارچە ماقالىسى، ئۆلكە،مىنىستىر دەرىجىلىك ژۇرناللاردا 20 پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. 2003-يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار پەن-تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان. 1998-يىلى شىنجاڭ يېزا ئەمەلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئون پېشقەدەم، ئون ياش تۆھپىكار» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن.

## 28. پەرھات كېرىم

دورىگەرلىك ئىلمى بويىچە دوكتۇر ئاشتى، پروفېسسور پەرھات كېرىم 1960-يىلى 1-ئايدا ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان. 1985-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرستېتىنىڭ داۋالاش فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ يۇرەك قان تومۇرى، دورىگەرلىك بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991-يىلدىن 1994-يىلغىچە فىرانسىيە لىئېل 2-ئۇنىۋېرستېتىدا دورىگەرلىك بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم ئۆز مەكتىپىگە كېلىپ دورىگەرلىك كافىدېراسىدا ئىشلىگەن. 2000-يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، باشقارما باشلىقى ھەم جۇڭگو دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق بىرقانچە جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغان.

پەرھات كېرىم ئۆلچەملىك مىكرو ئېلېكتر قۇتۇبى تەجرىبە تېخنىكىسى ۋە پەردە قىسقۇچ تەجرىبە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ دورىنىڭ يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپچىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاشنى نەزىرىيە جەھەتتىن يېڭى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ۋىتامىن PP (نىكوتىن ئامىد) ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتىنىڭ ئۇچۇر ھۆجەيرە پەردىسىدىكى كالتىيسىنىڭ يولىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، DSPMماددىسىنى بايقىدى. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئايرىما ماددىسىدىن پايدىلىنىپ، قان نوكچىسىنى ئېرىتىش ۋە قان پىلاستىنكىسىنىڭ ئۇيۇششىغا قارشى تۇرۇش مېخانىزمى

ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دورىلارنى ئېچىشنى فارماكولوگىيىلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ھەرقايسى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى، بىرقانچە تۈرلۈك تەتقىقات تۈرى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن فوندىنىڭ مەبلەغ تۈرىگە ئېرىشتى.

## 29. پەرىدە ئابلىز

تىببىي پەنلەر دوكتۇرى پەرىدە ئابلىز 1965-يىل 1-ئايدا تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1988-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، مەزكۇر مەكتەپ قارىمىقىدىكى 1-دوختۇرخانىنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. 1996-يىلى 3-ئايدىن 1997-يىلى 3-ئايغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1-دوختۇرخانىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1999-يىلى 8-ئايدىن 2000-يىلى 3-ئايغىچە ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدا تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى سالاھىتى بىلەن زەمبۇرۇغلۇق تېرە كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2000-يىلى 4-ئايدىن 2004-يىلى 3-ئايغىچە شۇ ئىنستىتۇتتا زەمبۇرۇغ ئىلمى ۋە تېرە كېسەللىكلىرى بويىچە دوكتۇرلۇقتا ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2005-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاشتىلىق مەركىزىگە قوبۇل قىلىنغان. 2006-يىلى 2-ئايدىن 5-ئايغىچە گولاندىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى زەمبۇرۇغ تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن گوللاندىيىدە تەتقىقات ھەمكارلىقىغا قاتناشقان. ھازىر ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1-دوختۇرخانا تېرە كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

پەرىدە ئابلىز ھازىرغىچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي

ژۇرناللاردا يەتتە پارچە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 13 پارچە يۇقىرى سەۋىيلىك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. ياپونىيە ۋە گوللاندىيىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى قۇملۇقرايونلار كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى تەتقىقاتى» ۋە «قارا زەمبۇرۇغلارنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مېخانىزمى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۆزى مۇستەقىل مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭدىكى تەسبىسىمان زەمبۇرۇغلارنىڭ DNA (گېن) تىپى» دېگەن تۈرنى ئىشلىدى. ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە مەملىكەت ئىچىدە 25 قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ماقالە ئوقۇپ، خەلقئارادىكى كەسىپداشلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. بىر پارچە ماقالىسى ياپونىيىدە مۇنەۋۋەر تەتقىقات مۇكاپاتىغا، بىر پارچە ماقالىسى مەملىكەت ئىچىدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 30. تاشپولات تېيىپ

يىراقتىن سېزىش ئېكىلوگىيە ئالىمى تاشپولات تېيىپ 1958-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1988-يىلى ياپونىيە توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنۋېرسىتېتى يىراقتىن سېزىش ئەمەلىي قوللىنىش تەتقىقات ئورنىدا ماگېستېر ئاسپىرانتلىق ۋە دوكتۇر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 1992-يىلى سانائەت ئىلمى دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، قايتىپ كەلگەن. 1993-يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرستېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1993-يىلى «شىنجاڭدىكى تۇنجى قېتىملىق 10 مۇنەۋۋەر ياش»، 1994-يىلى «شىنجاڭغا كۆرىنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر شەخس» بولۇپ باھالانغان. 1994-يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن پرافېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996-يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرستېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇ جۇڭگو جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو

پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5-، 6-نۆۋەتلىك دائىمىي6 كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى ۋە شىنجاڭ پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. تاشپولات تېيىپ ياپونىيە فىسيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، 2004-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. 1996-يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» تارماق تۈرىنىڭ بىرى بولغان «شىنجاڭ بايلىق ئېكلوگىيىسى ۋە بىئولوگىيە تېخنىكىسى» نۇقتىلىق پېنىنىڭ 1-قارارلىق قۇرۇلۇشى (ئومومىي مەبلەغ 14 مىليون 800 مىڭ يۈەن) ۋە 2-قارارلىق قۇرۇلۇشى (ئومومىي مەبلەغ 21 مىليون يۈەن) غا ماسئۇل بولغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سەككىز تۈرگە، يەنى: دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى تۈرى (2 تۈر)، دۆلەتلىك مۇھىم ئاساس تەتقىقات تۈرى (1 تۈر)، خەلقئارالىق ھەمكارلىق تۈرى (3 تۈر)، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى (1 تۈر) ۋە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى غوللۇق تەتقىقاتچىلار مەبلەغ تۈرى (1 تۈر) گە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ دۆلەتلىك تەبىئىي پەن مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ بوستانلىق-چۆل ئۆتكۈنچى بەلۋاغ مۇھىتى ئۆزگىرىشىنى يىراقتىن سېزىش تەتقىقاتى، تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىي قىسمىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش / تۇپراقنىڭ قاپلىنىش ئۆزگىرىشى ۋە مۇھىتقا بولغان تەسىرى تەتقىقاتى قاتارلىق خەلقئارالىق، ئاپتونوم رايونلۇق سەككىز تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان. بىرنەچچە يىللىق تەتقىقاتى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىلمىي ماقالە شەكلىدە «جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، «يىراقتىن سېزىش ئىلمىي ژۇرنىلى»، «جۇڭگو قۇملۇقى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «جۇغراپىيە ئىلمى دۆلەت زېمىن تەتقىقاتى»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى»، «قۇرغاق رايون تەتقىقاتى»، «قۇرغاق رايونلار بايلىقى ۋە مۇھىت» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا ئېلان قىلغان بولۇپ، 70 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئىككى پارچە مەخسۇس ئەسىرى بار.

## 31. تۇردى ئوسمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا پەنلىرى ئاتوم يادرو فىزىكىسى پروفېسسورى تۇردى ئوسمان 1938-يىلى چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1956-يىلىدىن 1961-يىلغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنت دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكولتېتىدا ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكولتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئاتوم فىزىكىسى، كۋانت مېخانىكىسى، ئاتوم ۋە ئاتوم يادرو فىزىكىسى، ئوپتىكا، يېقىنقى زامان فىزىكىسى، ئاتوم يادرو نەزەرىيىسى، فىزىكا تەجرىبە دەرسلىكى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. مەكتەپنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ تۈزۈشكە قاتناشقان «ئومومىي فىزىكا» ناملىق كىتاب مەكتەپ تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر دەرسلىك» بولۇپ باھالانغان.

تۇردى ئوسمان 1986-يىلىدىن 1987-يىلغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكولتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا بىر يىللىق تەتقىقات پىلانىنى يېرىم يىلدا ئورۇنلاپ، باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئىككى پارچە تەتقىقات ماقالىسى 1988-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە باكۇدا ئېچىلغان 38-قېتىملىق «يادرو سپېكتروسكوپىيىسى ۋە ئاتوم يادرو تۈزۈلىشى» يىغىنىنىڭ دوكلاتلار تېزىسىدا ۋە خەلقئارالىق داڭلىق ژۇرنال «يادرو فىزىكىسى»دا ئېلان قىلىنغان. بىر پارچە ماقالىسى 1990-يىلى دالىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق يادرو قۇرۇلۇشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان. ئىككى پارچە ماقالىسى 1992-يىلى ئالمۇتىدا ئېچىلغان 42-نۆۋەتلىك «يادرو سپېكتروسكوپىيىسى ۋە ئاتوم يادرو تۈزۈلىشى» يىغىنىنىڭ دوكلاتلار تېزىسىدا ئېلان قىلىنغان. بىر پارچە ماقالىسى 1993-يىلى 4-ئايدا دۇبنا شەھرىدە ئېچىلغان «يادرو سپېكتروسكوپىيىسى ۋە ئاتوم يادرو تۈزۈلىشى» يىغىنىنىڭ دوكلاتلار تېزىسىدا ئېلان قىلىنغان. ئۈچ پارچە ماقالىسى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ

خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنىلى «خەۋەرلەر» گە بېسىلغان. بىر پارچە ماقالىسى 1995 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارالىق يادرو فىزىكىسى يىغىنىنىڭ «ئابستراكتلار كىتابى» دا ئېلان قىلىنغان. بىر پارچە ماقالىسى 1997 ـ يىلى ئالمۇتىدا ئېچىلغان «يادرو فىزىكىسى ۋە رادىئاتسىيە فىزىكىسى» ناملىق خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ «دوكلاتلار تېزىسى» دا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە باشقا ژۇرناللاردىمۇ بىر قىسىم نوپۇزلۇق ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئۈچ قارار ماگىستىر، ئاسپىرانت تەربىيىلىگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى 1989 ـ ۋە 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1989 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان.

## 32. تۇرسۇن ھوشۇر

چارۋىچىلىق ئالىي ئىنژېنېرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى تەمىناتىدىن بەھرىمان بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن ھوشۇر 1942 ـ يىلى قورغاستا تۇغۇلغان. 1959 ـ يىلى ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىدە ئىشلىگەن ھەم تېخنىك ئىنژېنېر، ئالىي ئىنژېنېر، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى،مۇئاۋىن نازىر، نازارەت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 2002 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىگە قاتناشقان ھەم يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ قاتناشقان «جۇڭگو مېرىنوس قوينى يېتىشتۈرۈش» تۈرىنىڭ تۈر نەتىجىسى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قاتارلىق تۈرلەرنى باشقۇرغۇچى ھەم ئاساسلىق ئىجرا قىلغۇچى بولغان ھەم يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پەن ـ تېخنىكا

تەرەققىياتىدىكى 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

تۇرسۇن ھوشۇر يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «مول ھوسۇل پىلانى»نى باشقۇرۇپ، نەتىجىسى مىنىستىرلىكنىڭ 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دۆلەتلىك قوي يۈگى ئۆلچىمىنى تۈزۈش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭلىرى ئۆلچىمىگە ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەم ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ، دۆلەت، ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. چارۋا نەسلىنى ياخشىلاشتا پەقەت نەسلى ياخشىلانغان كالا 1990-يىلدىكى 533 مىڭدىن 2000-يىلى 1 مىليون 150 مىڭغا يەتكەن. ياخشىلانغان ئوتلاق 1 مىليون 700 مىڭ مودىن 12 مىليون 500 مىڭ موغا يەتكەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماللاردىكى كۆيدۈرگە كېسىلى ۋە چېچەك كېسىلى يوقۇتىلغان. ئۇ ئۆمەك باشلاپ ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئامېرىكا، قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، نەسىللىك چارۋا مال سورتلىرىنى ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشتا بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بىر پارچە ماقالىسى «تۇلپار»مۇكاپاتىغا، بىر ماقالىسى 3-دەرىجىلىك «تەڭرىتاغ لوڭقۇسى» مۇكاپاتىغا، يەنە بىرى «يېزا ئىگىلىكى تۈپ ئاساسى» مۇكاپاتلىق ماقالىلىرىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىشلەپچىقىرى ۋە كەسپىي ساھەدىكى 13 پارچە ماقالىسى غەربىي شىمال رايونىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئابدىراخمان ئابباس بىلەن بىرلىشىپ يازغان «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇققويى» ۋە «ئاۋستىرالىيە قويچىلىقى» ناملىق ئىككى كىتابى نەشىر قىلىنغان. ئۇ دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بەش ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى.

## 33. تۇرغۇنجان ئابدۇكېرىم

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكولتېتىنىڭ دوكتورى ھەم مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ماتېماتىكا جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىريەت ئەزاسى، جۇڭگو ماتېماتىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى تۇرغۇنجان ئابدۇكېرىم تۈرك 1961-يىلى 10-ئايدا بۈرتالادا تۇغۇلغان. 1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكولتېتىدا ئوقۇپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكولتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1987-يىلدىن1989-يىلغىچە مەزكۇر فاكولتېتتى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ئۇ مىللىي تىل-يېزىقتىكى ماتېماتىكا ماتېرىياللىرىنىڭ ئىنتايىن كەملىكىنى ھېس قىلىپ، «ئۆلچەم نەزەرىيىسىدىن مۇقەددىمە»، «ھەقىقىي ئۆزگەرگۈچىنىڭ فۇنكسىيىلىك نەزەرىيىسى ۋە فۇنكسىيونال ئانالىز يېتەكچىسى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا تەھلىلى»، «ئالىي ماتېماتىكىدىن مۇلاھىزە سوئاللىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرغان. باشقىلار بىلەن بىرگە «دىسكرېت ماتېپماتىكا»، «PC-MBIئاسسېمبل تىلىدا پروگراممىلاش»، «C تىلىدا پروگراممىلاش» قاتارلىق كىتابلارنى نەشىر قىلدۇرغان. «باغلىق بولمىغان توپولوگىيىلىك بوشلۇق ھەققىدە مۇلاھىزە»، «ۋېيۋېلىت ۋە سىگنال» قاتارلىق 23 پارچە ماقالىسى مەملىكەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىدىكى تەتقىقات تۈرى «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈكسىز تاۋۇش پەرق ئېتىش سىستېما تەتقىقاتى» ۋە «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رەسىم ئۆرنەكلىرى كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر ئامبىرى سىستېما تەتقىقاتى» غا ئاساسلىق تەتقىقاتچى بولۇپ قاتناشقان. ھازىر يەنە ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىدىكى تەتقىقات تۈرى «كۆپ ۋاستىچىدە ئۇچۇر قىسىش ئۇسۇلى ۋە قىسقۇچى تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىككى تەتقىقات تۈرىدە ئاساسلىق تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

تۇرغۇنجان ئابدۇكېرىم 1999-يىلى 10-ئايدا ياپونىيىنىڭ كيوشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا بېرىپ، 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا دۇنياغا كەلگەن يېڭى پەن «ۋېيۋېلىت ئانالىزى» ھەققىدە بەزىبىر بۆسۈش خارەكتېرلىك يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن يېتەكچى پروفېسسورنىڭ تەكلىپى بويىچە ياپونىيىدە داۋاملىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقئارادا تۇنجى بولۇپ «ئۆرلىتىلمە دىئادىك ۋېيۋېلىت نەزەرىيە سىستېمىسى» نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىسى «شاۋقۇن تازىلىش ئۆرلىتىلمە دىئادىك ۋېيۋېلىتلىرى» دېگەن

تېمىدا 2003-يىلى 9-ئايدا ئىسپانىيىنىڭ بارسېلونا شەھرىدە ئېچىلغان «سىگنال بىر تەرەپ قىلىش يىللىق يىغىنى» دا ئوقۇلۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ نەزىرىيە ئاساسىدا ئۇ يەنە «ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش»، «سىگنال ۋە سۈرەت بىر تەرەپ قىلىش» ساھەسىدە 14 پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. بۇلاردىن تۆت پارچىسى ئىسپانىيە، ئاۋستىرالىيە، كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان يىغىنلاردا ئوقۇلغان ھەم يىغىن توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. يەتتە پارچىسى خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.ئۈچ پارچىسى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ 14 پارچە ماقالە خەلقئارا پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىشتا 19 قېتىم ئىشلىتىلگەن. 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى بەش يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «ئۆرلىتىلمە دىئادىك ۋېيۋىلىت نەزىرىيىسى ۋە سۈرەت بىر تەرەپ قىلىش دولقۇن سۈزگۈچلەرنى لاھىلەش تەتقىقاتى» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسىنى ئوقۇپ، سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، تولۇق ئاۋاز بىلەن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ مەكتىپىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ماگىستىر ئاسپىرانتلار ئۈچۈن بىر قىسىم يېڭى دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلغان ھەمدە مەكتەپ تەبىئىي پەن فوندىنىڭ «تېز سۈرئەتلىك پارامېتىرلىق ۋېيۋىلىت ئالگارىزىم بىلەن كومپيۇتېرلىق سۈرەت بىر تەرەپ قىلىش يېڭى تېخنىكىسى» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ 1997-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولغان، 1996-يىلى راسمىي بۇزۇپ ئۆرلەپ دوتسېنت بولغان، 2006-يىلى پروفېسسور بولغان.

## 34. تۆمۈر تۇرسۇن

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، زىرائەت تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن ئىجرائىيە ھەيئىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلىم-پەن

كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ھەمدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئىتى تۆمۈر تۇرسۇن 1958-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەرر ئاكادېمىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان ھەم ئۇ بۇ يەردە 20 نەچچە يىل زىرائەت سورت بايلىقلىرىنى تولۇقلاپ رەتلەش تەتقىقاتى ۋە كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى كەسپىي رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 23 تۈرلۈك پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش تىمىلىرىغا قاتناشقان ھەمدە رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇنىڭدىن سەككىز تۈرى پەن تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان «خىنەن كېۋىزى 15-نومۇرنى ئۆلكە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ قاتناشقان «تارىم ئويمانلىقىدىكى جايلاردا ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى 100 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى 1998-يىلى دۆلەتلىك پەن تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. يەنە ئالتە تۈرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان «بەرەڭگە (ياڭيۇ) دىن توكسۇنلاشتۇرۇلغان ئۇششاق بەرەڭگە ئېلىش ۋە بەرەڭگە ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى كېڭەيتىش» تۈرى، «جەك ناھىيىسىدە 100 كىلوگىرام ساپ پاختا ئېلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» تۈرى قاتارلىق بەش تۈر پەن-تېخنىكا نەتىجىسى قىلىپ باھالانغان. 20 نەچچە پارچە ئەسەر يازغان ياكى تەرجىمە قىلغان.

## 35. خالمۇرات غوپۇر

تىببىي پەنلەر دوكتورى، پروفېسسور خالمۇرات غوپۇر 1960-يىلى 3-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. روسىيەدە تىببىي ئىلىم بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىبابىتى

بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان 10 مىليون يۈەنلىكتىن كۆپ دۆلەتلىك تەبىئىي پەن ئۇندى، دۆلەتنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى قاتارلىق 26 تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم مەسئۇل بولغان. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ پەن-تېخنىكا ئۇندىغا ئېرىشكەن بىردىن بىر تەتقىقاتچى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ھازىرقى زامان تەتقىقاتىدىكى يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

خالمۇرات غوپۇر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ساھەسىدىكى پەن-تېخنىكا باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنژېنېر، تېخنىكلارنى يېتەكلەپ، دۆلەت ئىسلاھات-تەرەققىيات كومىتېتىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتى مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش ۋە يېڭى تېخنىكلارنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى، دۆلەتنىڭ مەشئەل پىلانى تۈرى، دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى، پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك ۋارخانىلارنىڭ پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تۈرى قاتارلىق تۈرلەرنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تەتقىقاتىغا مەسئۇل بولدى. ئۇ يېڭى، ئىلغار قاراش تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، شىنجاڭ تۆمۈريول سىستېمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، زامانىۋى ئۇيغۇر تېببىي كارخانىسى-شىنجاڭ چىكاڭ خابۇ ئۇيغۇر دورىگەرلىكى پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، كەسپىي سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى زامانىۋى ئۇيغۇر دورىگەرلىكىنىڭ كەسپلەشكەن سەھنىسىنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇنداقلا باشلامچىلىق بىلەن دۆلەتنىڭ GMP گۇۋاھنامىسى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كارخانا گۇۋاھنامىسىدىن ئۆتتى. خالمۇرات غوپۇر بىر تۈردە «جۇڭخۇا تېبابەت پەن-تېخنىكا مۇكاپاتى» غا، بىر تۈردە دۆلەت جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، بىر تۈردە دۆلەت جۇڭيى تېبابىتى

دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي تەتقىقات پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا، ئۈچ تۈردە ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، بىر تۈردە شىنجاڭ تىببىي پەن-تېخنىكا مۇكاپاتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ھەر خىل تىببىي ئىلمىي ژۇرناللىرىدا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن 12 پارچىسى SCI, CA غا كىرگۈزۈلۈپ، SCI قاتارلىق خەلقئارادىكى داڭلىق نوپۇزلۇق تىببىي ئىلمىي ژۇرناللىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى توغرىسىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىلمىي ماقالە بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى توغرىسىدىكى ماقالىلەرنىڭ SCI غا كىرىشتەك يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي پەن تۈرى بويىچە 1-، 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە دۆلەت 1956ئىچى-سىرتىدا سەككىز پارچە مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدۇردى، ئىككى پارچە مەخسۇس ئەسەرنىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. ئالتە تۈردە دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا ئېرىشتى، 13 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

پروفېسسور خالمۇرات غوپۇرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى كەسپداشلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 30 قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە خەلقئارالىق كوللېكتىپ تىببىي تەكشۈرۈش يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى، چەتئەللەردە 20 نەچچە قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ قۇرغان تەتقىقات ئورنى ۋە ئۈچ تەجرىبىخانا دۆلەت جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىك ئىدارىسىنىڭ 3-دەرىجىلىك گۇۋاھنامىسىغا ۋە دۆلەتنىڭ GLP گۇۋاھلىقىغا ئېرىشتى.

خالمۇرات غوپۇر مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياش»، «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خىزمەتچىسى»، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى

بولۇپ باھالانغان. ئۇ مەملىكەتلىك «1-ماي» ئەمگەك مېدالى، مەملىكەتلىك چەتئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقانلار نەتىجە مۇكاپاتى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 2006-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى قېتىملىق پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، 200 مىڭ يۈەن بىلەن تەقدىرلەندى.

## 36. خەمىت خەكىموف

ھايۋانات ئىرسىيەت ئالىمى خەمىت خەكىموف 1938-يىلى 10-ئايدا قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1956-يىلغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا چارۋىچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان ھەم شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1957-، 1959-يىللىرى بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېنېتىكىدىن بىلىم ئاشۇرغان. 1959-يىلدىن 2003-يىلى 10-ئايغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق فاكولتېتىدا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بىلەن ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى، 60-يىللىرىدا ئىلى يىلقىسى، قوڭۇر كالىسىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ دىسسېرتاتسىيە يازغان. 60-، 70-يىللاردا ئىلى ئاتلىرىنىڭ 2-ۋە 3-بەش يىللىق نەسىلچىلىك پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، نەسلىنى ياخشىلاش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1985-1990-يىللىرى قوي خروموسومىنى تەكشۈرۈشتە ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ خروموسوم گورۇپپىسىنى ئىشلەپ چىقىپ شىنجاڭدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغان.1982-يىلدىن بېرى چاغانتوقايدا باشباي قويىنى قوتقۇزۇش ۋە نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، سانىنى ئەسلىدىكى 2000 دىن 600 مىڭغا يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پاقلان گۆشى تىپلىق يېڭى باشباي قويىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

خەمت خەكىموف خىزمەت جەريانىدا «گېنېتىكا»، «نەسىلچىلىك»، «مىكرو بىئولوگىيە»، «بىئو ستاتىستىكا» قاتارلىق تۆت كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. خەنزۇ تىلىدىكى مەملىكەتلىك دەرسلىك «گېنېتىكا» نىڭ ئىككى بابىنى يازغان. ئۇ باش تۈزگۈچى بولۇپ «ئاناتومىيە»، «فىزئولوگىيە» قاتارلىق كەسپىي دەرسلىكلەردىن 30 خىل كىتابنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىقۋە مال دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئۇيغۇرچە دەرسلىك بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. خەمت خەكىموف مەملىكەتلىك گېزىت-ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. ئىككى پارچىسى ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىندا ئوقۇلغان ھەم يىغىن توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئا ق ش نىڭ «يېزا ئىگىلىك ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان.

خەمت خەكىموف گوۋېيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس. ئۇ چارۋىچىلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ چارۋىچىلىق-دوختۇرلۇق ئىشلىرىدا تۆھپىسى زور شەخس دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىر پارچە ماقالىسى لى رۇچى مۇنەۋۋەر ماقالە ھەم شياڭگاڭ خەلقئارالىق بونىگدۇن فوندىنىڭ ئالتۇن شار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. باشباي قوي تەتقىقاتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ مەملىكەتلىك تەبىئىي پەن باھالاش گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1988-يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئىرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

## 37. دىلبەر توختى

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى

ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى، ماگىستىر يېتەكچىسى، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلاشقان دوكتور يېتەكچىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىكرو ئورگانىزملار تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، سىچۇەن ئۆلكىلىك ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى دىلبەر توختى 1960-يىلى 12-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى شىنجاڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنىستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. شاگخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل مىكرو ئورگانىزم بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ئارقىدىنلا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئورنىدا ئىككى يىل تەربىيلەنگەن. دىلبەر توختى خىزمەت جەريانىدا ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، مىكرو ئورگانىزم ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان ھەم ئىلگىرى-كېيىنبولۇپ دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ئۈچ تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان. ئەنەبلىيە مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە ئاسپىرانتلار ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىككى تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان ھەمدە 36 پارچە پەن تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان. بۇنىڭدىن ئۈچ پارچىسى خەلقئارالىق ژۇرناللاردا، يەتتە پارچىسى دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرناللاردا، 22 پارچىسى ئۆلكە-مىنىستىر دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. دىلبەر توختى 2004-يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش» مېدالىغا ئېرىشكەن.

## 38. رەنا قاسىم

شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتى دورىگەرلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى، دورىگەرلىك ساھەسىدىكى ئايال دوكتور، دوكتور يېتەكچىسى رەنا قاسىم 1962-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1984-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1994-يىلدىن 1998-يىلغىچە ياپونىيە فۇشەن تىببىي دورىگەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى نۆۋەت ئاياللار ئىچىدە دورىگەرلىك دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ «شىنجاڭ توشقان زەدىكىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات» ناملىق تۇنجى تەتقىقاتى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا قاتناشقان. ئۇ قاتناشقان «ھېلىلىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئۈستىدە تەتقىقات» نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان.

ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقاندا ئىشلىگەن «چۆلياپۇزىنى ئېرىتكەندىن كېيىنكى تەركىبىنىڭ جىگەرنى قوغداشتىكى رولى» ناملىق تەتقىقاتى پاتېنت ھوقوقىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان ھەم ئوقۇش پۇلى كەچۈرۈم قىلىنغان. ئوقۇشتىكى 3-يىلى دانىسىڭ (چۆل ياپۇزى ئائىلىسىدىكى بىر تۈر) ئىككى خىل يېڭى بىرىكمە ماددىنى بايقاپ ۋە ئاجرىتىپ ئېلىپ، دۇنيا دورىگەرلىك ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. ئارقىدىنلا بۇ ئىككى خىل ماددىنىڭ ئالدۇس فېرمېنتىنىڭ قايتىلىنىشىنى تورموزلاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، دۇنيا دورىگەرلىك ساھەسىدە يەنە بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ چۆل ياپۇزى تەركىبىدىكى تېخى بايقالمىغان يېڭى تۆت تۈرلۈك ماددىنى بايقاپ، 3-بوشلۇقنى تولدۇرغان. شىنجاڭنى ئايلىنىپ بەزى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىگەر، دىئابېت كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى رولىنى بايقاپ، 1 مىليون 280 مىڭ يۈەنلىك تەتقىقات خىراجىتىنى ھەل قىلغان.

رەنا قاسىم ھازىرغىچە دۆلەت ئىچىدىكى ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدۇردى. بۇلاردىنبەش پارچىسى خەلقئارادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنال ICS قا كىرگۈزۈلدى ھەم 17 قېتىم تەتقىقاتتا ئىشلىتىلدى. يەنە ئىككى پارچە ماقالىسى جۇڭگو پەن-تېخنىكا ژۇرنىلى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ مەسئۇل بولغان «ئۆلچەملىك چۆل يالپۇزى ۋە شىنجاڭ چۆل يالپۇزىنىڭ دىئابىت كېسەللىكى ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۇنۇملۇك تەركىبلىرى تەتقىقاتى» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكىدا ئىلگىرلەش بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 5-نۆۋەتلىك «جۇڭگو مۇنەۋۋەر ياشلار پەن-تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى»، شىنجاڭ «4-ماي ياشلىرى مۇكاپاتى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. مەكتەپنىڭ «168» ئىختىساسلىقلارنىتەربىيلەش قۇرۇلۇشىدىكى ياش مۇتەخەسسىس، تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى خىمىيىۋى پىنىدىكى غوللۇق كادىر ۋە ئەسىر ھالقىغان پەن-تېخنىكا باشلامچىسى، سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بار ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس، «تۇنجى تۈركۈمدىكى يېڭى ئەسىردىكى 10 مىليون ئىختىساس ئىگىسى قۇرۇلۇشىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك مۇتەخەسسىس»، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە تۆھپىكار مۇتەخەسسىس، پرافېسسور، دوكتۇر يېتەكچىسى قاتارلىق ناملارنى ئالدى.

## 39. روزى ھاجى

شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1-دوختۇرخانا ئىچكى بۆلۈم يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ مۇدىر ۋراچى، پرافېسسور، مەملىكەتلىك يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،ئىچكى كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى روزى

ھاجى مۇھەممەد 1934-يىلى 12-ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1956-دىن 1962-يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى) داۋالاش فاكولتېتىدا ئوقۇپ، شۇ مەكتەپ قارمىقىدىكى 1-دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى بىر تەرەپتىن داۋالاش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسپرانت تەربىيلىگەن. «ئىچكى كېسەللىكلەردىكى جىددىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش»، «يۈرەك كېسەللىكلىرى»، «يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالاش»، «يېزىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش»، «رېماتىزم قىزىتمىسى ۋە رېماتىزم يۈرەك كېسەللىكى»، «يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، «ياشاشانغانلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر»، «سالامەتلىك ھەققىدە مەسلىھەت» قاتارلىق 12 پارچە كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭدىن ئالدىنقى ئۈچ پارچىسى سەھىيە نازارىتىنىڭ 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يۇقارقىلاردىن باشقا «جىددىي ئۆلۈم توغرىسىدا»، «تاجىسىمان ئارتېرىيە قېتىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قاتارلىق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە ئائىت 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. بۇلاردىن «جىددىي ئۆلۈم توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى چاقىرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت 1-دوختۇرخانىسى بويىچە سەككىز نەپەر داڭلىق مۇتەخەسسىس قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، «سەككىز چوڭ ئاتاقلىق دوختۇر» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر گوۋېيۈەنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولغۇچى شەخس، 20-نۆۋەتلىك سەھىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1-دوختۇرخانا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.

## 40. رۇستەم ئەلى نۇرۇم

يۇرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى رۇستەم ئېلى نۇرۇم 1941 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئوقۇپ، شۇ مەكتەپ قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان. 1986 ـ 1987 ـ يىلغىچە بېلگىيىدە، 1987 ـ 1988 ـ يىلغىچە ئەنەلىيىدە يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان ۋە يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، ئالىم دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىلى مۇئاۋىنمۇدىر ۋراچ پرافېسسور بولغان. 1994 ـ يىلى مۇدىر ۋراچ بولغان ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە خادىملارنى تەربىيىلەش يېتەكچىلىكىگە تەيىنلەنگەن.

رۇستەم ئەلى نۇرۇم بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يۈرەككە تىڭشاپ دىئاگنوز قويۇش ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش»، «يۇرەك ئېلېكتىر كاردىئوگراممىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇرەك كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش»، «ئىچكى كېسەللىكلەر قوللانمىسى»، «يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىدىكى جىددىي پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتىكى يېڭى تەرەققىيات قوللانمىسى»، «يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان ھەم «ئەمەلىي ئىچكى كېسەللىكلەر» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغان. يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دائىر 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ جۇڭگو ۋە چەتئەل ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ئاتاقلىق دوختۇرلار ئالاھىدە داۋالاش قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن.

رۇستەم ئەلى مەملىكەتلىك ئىچكى كېسەللىكلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، مەملىكەتلىك يۇرەك قوزغاتقۇچ ئېلېكترو فىزىئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ـ ياۋروپاچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش جەمئىيىتى قاتارلىق

بىرقانچە جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، «بېلگىيە خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى» نىڭ مەسلىھەتچىسى. شىنجاڭ يۈرەك-مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلەر بۆلۈمىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان خادىمى.

## 41. رۇشەنگۈل ساۋۇر

دورىگەر مۇدىر ۋاراچ رۇشەنگۈل ساۋۇر 1958-يىلى 9-ئايدا خوتەندە تۇغۇلغان. 1979-يىلى بېيجىڭ جۇڭيى تىبابىتى دورىگەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1992-يىلىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. رۇشەنگۈل ساۋۇرنىڭ باشلامچىلىق بىلەنترىشچانلىق كۆرستىشى ئارقىلىق ھازىرغىچە 13 تۈر بويىچە 190 خىل ئۇيغۇر تىبابىتى دورىسى تەتقىق قىلىنغان. 80 خىلدىن ئارتۇق دورىنىڭ سۈپىتى ياخشىلانغان. دوختۇرخانا ئىشلەپچىقارغان تۆت خىل دورا دۆلەتنىڭ دورا ئىشلەش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن. 29 خىل دورا «سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دورا ئۆلچىمى» دىكى ئۇيغۇر تىبابىتى دورا قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. 105 خىل دورا ياساش ئالمىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەتچىلىكى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئۇيغۇر دورىسى قۇرۇس ئىمساكىنىڭ تەتقىقاتى» ۋىلايەت بويىچە پەن-تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇيغۇر دورىسى خىمىرگاۋزبەن ئەنبىرى»، «قۇرۇس (تابلېتكا) تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر دورىسى لوبوبۇ كىبىرى كومۇلچىنىڭ تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر دورىسى-خىمىرى مەرۋايىت قۇرۇس (تابلېتكا) نىڭ تەتقىقاتى» قاتارلىقلار ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ ئىلگىرى-كېيىن «مەملىكەت بويىچە جۇڭيى تىبابىتى بويىچە

كۆزگە كۆرۈنگەن 100 ياشنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى» غا، «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ئايالنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى» غا، «شىنجاڭ بويىچە جۇڭيى تېبابىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش» نىڭ بىرى، «شىنجاڭدا پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتقان 10 ياش مۇكاپاتى» غا، مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ئاياللىرى ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش نەمۇنىچىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مەملىكەتلىك سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولغان. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

## 42. زەپەر ئابلىز

تەبىئىي پەنلەر دوكتورى زەپەر ئابلىز 1961-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1979-يىلى 9-ئايدىن 1983-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1983-يىلى 8-ئايدىن 1985-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولغان. 1985-يىلى 9-ئايدىن 1988-يىلى 3-ئايدا ش ئۇ ئا ر بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدە ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ، ياپونىيىدىكى مەيسەي (Meisey) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكولتېتىدا ئوقۇپ، تەبىئىي پەنلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989-يىلى لېكتور بولغان، 1991-يىلى دەرىجە ئاتلاپ دوتسېنت بولغان. 1991-يىلى 4-ئايدا ياپونىيە توخۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ياپونىيىگە يەنە ئوقۇشقا بارغان. 1993-يىلى 5-ئايدا ياپونىيىدە تەبىئىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1993-يىلى 4-ئايدىن 1994-يىلى 7-ئايغىچە توخۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچىلىك تەتقىقاتچى سۈپىتىدە بىر يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان. 1994-يىلى 10-ئايدىن 1996-يىلى 11-ئايغىچە

جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دورا تەتقىقات ئورنىدا دوكتۇر ئاشتى سۈپىتىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تەرىپىدىن پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ياپونىيە پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈش كەسپى گۇرۇھى چىبا ئۇنىۋېرستېتى ئانالىزمەركىزىدە تەكلىپلىك ئالىي تەتقىقاتچى بولغان. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن ھازىرغىچە پروفېسسورلۇق سۈپىتىدە جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى (جۇڭگو شيېخې تېببىي ئۇنىۋېرستېتى) دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ دۆلەتلىك دورىگەرلىك ۋە مېتابولىزم مەھسۇلاتلىرى ئانالىز تەتقىقات مەركىزىدە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ، دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتۇر يېتەكچىسى، ماسسا سپېكتورى ئانالىز كەسپىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى، ئىلىم ـ پەن كومىسسىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپاراتلار ئارقىلىق تەھلىل قىلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شۇنداقلا جۇڭگو شيېخې ئۇنىۋېرستېتىنىڭ مۇدىر ياردەمچىسى، ئىلىم ـ پەن كومىسسىيىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ.

زەپەر ئابلىزنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى: جۇڭگو ئانالىتىك ئۆلچەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ماسسا سپېكتورى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، بېيجىڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى، ياپونىيە ماسسا سپېكتورى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ چەتئەللىك ئەزاسى، خەلقئارا ئاساسلىق ماسسا سپېكتورى ئىلمىي ژۇرنىلى «dipaR .common «Mass Spectromۋە «J. «Mass Spectromنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەمدە «ياپونىيە ماسسا سپېكتورى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «ماسسا سپېكتورى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «خىمىيە ئانالىزى»، «دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تەجرىبخانا ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «تەھلىل قىلىش، ئۆلچەش ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ يەنە «J. Am. soc. «Mass Spectorm، «J. chromatogr. (A). (B)»، «Analytica chi mica Acta» قاتارلىق خەلقئارالىق ئاساسلىق ماسسا سپېكتورى ئىلمى، خىمىيە ئانالىزى كەسپى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى «chin. chem. «lettۋە ئالىي مەكتەپ خىمىيىسى ئىلمىي ژۇرنىلى قاتارلىق بىرقانچە ژۇرنالنىڭ تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ

قوشۇمچە پروفېسسورى، دۆلەتلىك دورا مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دورا مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش مۇتەخەسسىسى، پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر ئورنىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەجرىبىخانىلارنى دۆلەتلىك ئېتىراپ قىلىش كومىتېتى دورا بۇيۇملىرى شۆبە كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەتلىك يېڭى دورىلارنى ئېچىش قۇرىلىشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇش تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوندى كومىتېتى ھاياتلىق تېخنىكا بۆلۈمى ۋە خىمىيە بۆلۈمى تۈرىنىڭ باھالاپ بېكىتىش مۇتەخەسسىسى، شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى. ئۇ 2005-يىلى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولغۇچى مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. تۈنجى بولۇپ «يېڭى ئەسىردىكى يۈز مىڭلىغان ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى» دا دۆلەت دەرىجىلىك نامزات بولۇپ باھالانغان. 20 يىلدىن بۇيان ئۇ ئاساسەن ئورگانىك ماسسا سپېكتورى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئالدى بىلەن كۆپ ھالقىلىق ئاروماتىك گىدرو كاربون تۈرىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ ماسسا سپېكتورىنىڭ ئىئونلىنىش مېخانىزمى، پارچىلىنىش رېئاكسىيە مېخانىزمىبىلەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىلەرى-كېيىن بولۇپ، خەلقئارا ئىزورمېر جىسمىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى «زىچلىق قانۇنىيتى» نى پەرقلەندۈرۈشنى ئوتتۇرغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارادا تۇنجى قېتىم يېڭى تىپتىكى ئاروماتىك ماددىلاردا C=O/H-2SP دىن ئىبارەت ئاجىز كۆچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. MS/MS تېخنىكىسىنى قوللىنىپ نۇرغۇن تەبىئىي مەھسۇلات ۋە جانلىقلار مولېكۇلىسىنىڭ مولېكۇلا پەرقى ھەمدە ئۇلارنىڭ پارچىلىنىش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ، بىرقاتار ئالاھىدە يېڭىچە پارچىلىنىش رېئاكسىيىسىنى بايقىغان ھەم خەلقئارادىكى كەسىپداشلىرىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن. «ئۇنىڭ جۇڭگو پەن-تېخنىكىسى»، «پەن-تېخنىكا ئاخباراتى»، «J.chem. «soc، «Anal.chem»، «J.Mass Spectorm»، «Rapid common Spectrom»، «J.chromatogr.A»، «J.Am.soc. Mass Spectorm» قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 60

پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە تۆت پارچە كەسپىي كىتاب يېزىشقا، بىر پارچە ئانالىتىك خىمىيە لۇغىتىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. بولۇپمۇ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان تۇنجى تۈركۈمدە دۆلەت (973) تۈر، (5، 9) تۈر ۋە دۆلەت تەبىئىي پەنلەر فوندى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ياكى قاتنىشىش، ماسسا سپېكتورى تېخنىكىسى (MS/MS) شۇنىڭدەك رەڭ سپېكتورى بىلەن ماسسا سپېكتورىنى بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىپ كۆپ خىل ماسسا سپېكتورى ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق «كومپلېمېنتارىيىلىك (ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى) ئانالىز ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېقىندا يەنە ئەڭ يېڭى سوۋۇتۇپ تۇمانلاشتۇرۇش ماسسا سپېكتورى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى كۇۋالېنتسىز ئاجىز ئۆزئارا تەسىرنى، شۇنداقلا ئېرىتمىسىدىكى ئورگانىك مولېكۇللا بىلەن جانلىقلار مولېكۇلالىرىنىڭ تۈزۈلۈش ھالىتىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق يېڭى تېمىلار ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئۇ تەكلىپكە بىنائەن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى چوڭ يىغىنلاردا كۆپ قېتىم دوكلاد بەرگەن. 1998-يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ۋەتەننى سۆيۈش تە خىزمەت كۆرسەتكەن نەمۇنىچى دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. 2000- ۋە 2004-يىلى جۇڭگو ئانالىتىك ئۆلچەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى، جۇڭگو خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ كۆپ تۈر بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2006-يىلى جۇڭگو شىيېخې تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلغار ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە كەسپىي مۇۋاپىقىيەتلىرى «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قامۇسى»، «دۇنيا كىشىلىرى»، «پەن-تېخنىكا ۋە جۇڭگو كىشىلىرى» قاتارلىق چوڭ ئەسەرلەردە تونۇشتۇرۇلغان.

## 43. ساھىبجامال دۆلەت

نەزىرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دوكتۇر، پروفېسسور ساھىبجامالدۆلەت 1967 ـ يىل 10 ـ ئايدا خوتەن چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى تاماملاپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغان. 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىتالىيە نەزىرىيە فىزىكا تەتقىقات مەركىزىدە ئوقۇغان. 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە گېرمانىيە بوئىن ئۇنىۋېرستېتى فىزىكا تەتقىقات ئىنىستىتۇتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەزىرىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا نەزىرىيە فىزىكىسى بويىچە دوكتۇرلۇقتا ئوقۇغان. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تەرىپىدىن مۇئاۋىن پرافېسسورلۇققا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە ئاتزىكىس تەتقىقات ئىنىستىتۇتى نەزىرىيە فىزىكىسى گۇرۇپپىسىدا دوكتۇر ئاشتى بولۇپ ئىشلىگەن. 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي ۋە 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ياپونىيە يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك تېزلەتكۈچ تەتقىقات مەركىزىدە زىيارەتتە بولغان. 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىزىكا فاكولتېتىدا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

پروفېسسور ساھىبجامال دۆلەت 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئىتالىيە خەلقئارا نەزىرىيە تەتقىقات مەركىزىدە، 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە گېرمانىيە بوئىن ئۇنىۋېرستېتى فىزىكا تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا، 2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2007 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ياپونىيە يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك تېزلەتكۈچ تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كۋانت مەيدان نەزىرىيىسى ۋە زەررىچىلەر فىزىكىسى ساھەسىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 10پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدىكى ئىشلىگەن خىزمىتى خەلقئارادىكى داڭلىق فىزىكا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

زەررىچىلەر فىزىكىسى بويىچە داڭلىق ئالىم، پروفېسسور P.H نىللېس ساھىبجامالنىڭ دوكتۇرلۇق ماقالىسىنى باھالىغاندا مۇنداق تەكىتلىگەن: «ساھىبجامال ئۆز ماقالىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمىغا خاس پەزىلىتىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ ئۇ ماقالىدىكى ماتېماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قالارلىق، ئىنتايىنمۇھىم ۋە يېڭى مۇۋەپپىقىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىغان. كېيىنكى ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭ ماقالىسىنى مۇنەۋۋەر ماقالە دەپ باھالاشقا بولىدۇ. خەلقئارا ئۆلچەملەر بويىچە بولغاندا ئۇ دوكتۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق» .خەلقئارادىكى داڭلىق نەزەرىيە فىزىكا ئالىمى نام باھالاش سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ئالىملار بۇ نەزەرىيىۋى تۈرلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن مەسىلە ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇل-كېسىل ھەل بولمىغان ئىدى. مانا ئەمدى ساھىبجامال يۈكسەك تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن بۇ تۈگۈننى ئاخىرى يەشتى. ئۇنىڭ ماقالىسىنىمۇنەۋۋەر ماقالە دەپ باھالاشقا بولىدۇ. ساھىبجامال دوكتۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىش شەرتىنى تولۇق ھازىرلىدى» . پروفېسسور H. رويمېر باھالاش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساھىبجامال تاللىغان بۇ تېما يۈكسەك ماھارەتنى، ئۇستىلىق بىلەن تەشكىللەشنى ۋە بىر-بىرىگە ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتكەن ئىنتايىن مۇرەككەپ نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە بۆسۈپ ئىلگىرلەشنى تەلەپ قىلىدىغان قىيىن مەسىلىدۇر. ساھىبجامالنىڭ ئەلا نەتىجىسى مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا دوكتۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىشكە بولىدۇ» . داڭلىق نەزەرىيە فىزىكا ئالىمى R. فىلومېي مۇنداق دەيدۇ: «ساھىبجامالنىڭ K. ۋېدلاند بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ماقالىسى ئۆلچەملىكپايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ» . بۇ يەردىكى «ئۆلچەملىكپايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ» دېگەن سۆز «نەزەرىيە فىزىكىسى تارىخىغا يېزىلىدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، ئىنتايىن بۈيۈك باھا ھېسابلىنىدۇ. پروفېسسور ساھىبجامال دۆلەت 10 قېتىم چەت ئەلدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، يەتتە قېتىم مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. گېرمانىيە، ئىتالىيە،

ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە جۇڭگودىكى داڭلىق ئۇنىۋېرستېتلاردا 11 قېتىم ئىلمىي دوكلاد بەرگەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «باۋجى ئوقۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ «مۇنەۋۋەر دوكتۇر ئاسپرانت» دېگەن نامنى ئالغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تەرىپىدىن «گۇاڭخۇا ئوقۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. «مەركىزىي زەرەت C=3، N=2 بولغان ئۇلترا سىممېترىك ئىككى ئۆلچەملىك كۋانت مەيدان نەزرىيىسىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى» تەتقىقاتى ئۈچۈن «دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوندى» دىن 250 مىڭ يۈەنگە، «كومىتاتىپسىزلىق نەزرىيىسى ۋە فىزىكىلىق تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» ئۈچۈن 260 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكەن. «خادرون سپېكتورى تەتقىقاتى» ئۈچۈن «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا ئىنىستىتۇتى تەجرىبە مەركىزى» دىن 30 مىڭ يۈەنگە، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تەتقىقات فوندى» دىن30 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكەن.

ساھىبجامال دۆلەت ھازىر مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك مۇدىرى، ئىتالىيە ئابدۇسسالام (1978-يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى) خەلقئارا نەزرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ھەمكارلاشقۇچى ئەزاسى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ غوللۇق ئاسپرانتلار يېتەكچىسى.

## 44. غەيرەت تۇرسۇن

بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرستېتى مۇھەت ئىلمى ۋە مۇھەت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، مۇھەت ئىلمى ساھەسىدىكى دوكتۇر ئاشتى، پروفېسسور غەيرەت تۇرسۇن 1959-يىلى لوپنۇردا تۇغۇلغان. 1978-يىلدىن 1983-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكولتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جۇڭگو

پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنىپ، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1987-يىلى تەتقىقات ئورنىنىڭ قارمىقىدىكى ئىقتىسادىي جۇغراپىيە تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ، بايلىقنى ئېچىش، مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ناھىيىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئومومىيۈزلۈك پىلانلاش، شەھەر-بازار قىياپىتىنى پىلانلاش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوندى جەمئىيىتى، شۇنداقلا، ئىتالىيە، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلاشقان مۇھىم تەتقىقات تۈرلىرىدىن 15 تەتقىقات تېمىسىنى پىلانلاپ، 1 مىليون خەتتىن ئارتۇق ئىلمىي تەجرىبە، پىلانلاش ۋە تەتقىقات بىر گەۋدىلەشكەن تەتقىقات دوكلاتىنى يېزىپ چىققان ھەم بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ۋىلايەت، 12 شەھەر، 60 تىن ئارتۇق ناھىيىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا، ھىمكەنت، قاراغاندا، موسكۋا، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، غانۋېر قاتارلىق رايونلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان. 1993-يىلىدىن 1995-يىلىغىچە جۇڭگو شەھەر پىلانلاش تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئالىي زىيارەتچى ئالىم بولغان ۋە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ فاڭشەن رايونى چاڭگۇ بازىرىنى ئومومىيۈزلۈك پىلانلاش»، «تاڭشەن شەھىرىنى ئومومىيۈزلۈك پىلانلاش تۈزۈتىلمىسى» دىن ئىبارەت ئىككى پىلانلاش تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. مۇستەقىل ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس پىلانلاش لاھىيىسى ۋە تەتقىقات تېمىسىدىن 12 نى پۈتتۈرۈپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ۋە كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1995-يىلى 9-ئايدا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بايلىق ۋە مۇھىت ئىنستىتۇتىغا دوكتورلۇقتىن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ خەنزۇ تىلى، ئېنگىلىز تىلى، رۇس تىلى، كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن. گوۋېيۇەن تەرەققىيات مەركىزى، بېيجىڭ شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مۇھىت تەسىرىنى نازارەت قىلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا نازارەتچىلىك

قىلىپ، تەتقىقات ئىمسىنىڭ باش دوكلاتى شۇنداقلا قىسمەن مەخسۇس دوكلاتىنى يېزىشقا مەسئۇل بولغان. گوۋپيۇەن تەرەققىيات مەركىزى تۈزگەن «ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات تەتقىقاتى» ناملىق كىتابنىڭ ئۈچ بابىنى يېزىپ چىققان. بايلىق ۋە مۇھىت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىككى نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتىغا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولغان. دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا 300 مىڭ خەتتىن ئارتۇق «شەھەر نوپۇسى، ئىقتىسادى ۋە مۇھىتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تاماملىغان. بۇ ماقالىدە جۇڭگودىكى 640 شەھەر ئومومىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۈلگە دىسسېرتاتسىيىسىنى تاماملىغان. بۇ ماقالىدە جۇڭگودىكى ئۆزۈمچى ئەتراپلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ،مۇكەممەل يېزىلغان بۇ ماقالە مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

دوكتور غەيرەت تۇرسۇن 1997-يىلى 5-ئايدا جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەشكىللىگەن «ياش پەن-تېخنىكا ئالىملىرى مۇنبىرى» نىڭ 19-قېتىملىق پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئاساسىي تېمىسى «21-ئەسىر چاڭجياڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەكشۈرۈلۈشى ۋە مۇھىتىنى قوغداش» نى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشقان ۋە مۇنبەرنىڭ رىياسەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. يېتەكچىسى باشلىغان «رايون ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى» ناملىق كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى يېزىپ تاماملىغان. 1998-يىلى «جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا قاتنىشىپ، مەملىكەت بويىچە «ياش ئالىملار ۋەكىلى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا 70 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. 18 قېتىم دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى چوڭ ئىلمىي يىغىنغا قاتناشقان. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا «بېيجىڭ شەھىرى مىيۈن سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ مۇھىتى بىلەن ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ نوپۇس، ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات ئىمسىغا تۈتۈش قىلغان ھەم بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت ئىلمى تەتقىقات ئورنىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان. «ئۆزۈمچىمۇھىتى

ۋە ئىقتىسادىي تەڭشەش تەرەققىيات تەتقىقاتى» غا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم ئىككى نەپەر خادىمنى تەربىيىلەپ بەرگەن. «شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى بىرقانچە نۇقتىلىق مەسىلە» ناملىق تەتقىقات تېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم ئۈچ نەپەر خادىمنى تەربىيىلەپ بەرگەن. غەيرەت تۇرسۇن 1999-يىلدىن باشلاپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھەندىسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتۇر ئاشتىلىق تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بۇ جەرياندا تەكلىپ بىلەن پەن-تېخنىكا تەتقىقات تېمىسىدىن ئالتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، دۆلەتلىك پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللىگەن ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى بولۇپ باھالانغان. يەرلىك تەتقىقات ئورنىغا ئىككى نەپەر، شىنجاڭ ئېكولوگىيە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا تۆت نەپەر خادىم تەربىيىلەپ بەرگەن. يەنە ئۈچ نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان. 2001-يىلى دوكتۇر ئاشتىلىق خىزمىتىنى تاماملىغان.

غەيرەت تۇرسۇننىڭ ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى باھالاش، پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش، مۇھىت بۇلغىنىشىنى كونترول قىلىش تەقلىدىي تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ سىغىمىنى تەڭشەپ كونترول قىلىش، ئايلانما ئىگىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك سانائەتنى لايىھىلەش، ئېكولوگىينى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نەم تۇپراقتىكى بۇلغانما سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن تۇپراقنى بىئولوگىيىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ساھەلەردىن ئىبارەت. ئۇ 2001-يىلدىن باشلاپ بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيۋى قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ھەم مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۇنىۋېرسىتېت مۇھىت ئىلمى ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىرغىچە 22 ماگىستىر ئاسپىرانت، ئىككى نەپەر دوكتۇر ئاشتى

ئاسپىرانتنى تەربىيلىدى. ئۇ ھازىر دۆلەتلىك مۇھىت ئاسىراش باش ئىدارىسىنىڭ شەھەرلىك ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتنى پىلانلاش مۇتەخەسسىسى، دۆلەتلىك مۇھىت ئاسىراش باش ئىدارىسىنىڭ بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كومىتېتىنىڭ ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇتەخەسسىسى، مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي جۇغراپىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

## 45. كۇرەش مامۇتخان

مولېكۇلا ئىرسىيەت ئىلمى دوكتورى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى كۇرەش مامۇتخان 1965-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1988-يىلدىن 1989-يىلغىچە شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى فاكولتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1989-يىلدىن باشلاپ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 100 ياشتىن ئاشقان ئۇمۇر چولپانلىرىنىڭ ئىرسىيەت ئاساسى ۋە يادرو تىپىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالى» ۋە «شىنجاڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىستىمال قىلىدىغان دورا ۋە يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۆمۈرگە بولغان تەسىرى» ناملىق تەتقىقات تېمىسى بويىچە دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونى ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. «تۇرپاندا يېپىسىمان باكتېرىيىنىڭ مېتابولىزم مەھسۇلاتىنى ئايرىش ۋە ئانالىز قىلىش» ناملىق تەتقىقات تېمىسىغا قاتنىشىپ، كۆپلىگەن يېڭى باكتېرىيە تۈرلىرىنى ئېنىقلىغان.

ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 16 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. 2002-يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ئېچىلغان

خەلقئارالىق ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «CJ ۋىرۇسىنىڭ DNA سى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئانالىز قىلىش» دېگەن تېمىدا ئوقۇغان ئىلمىي ماقالىسى، 2003-يىلى ياپونىيە داتەي شەھرىدە ئېچىلغان ياپونىيە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ يىپسىمان تەنچىسى (mtDNA) DNA نىڭ ئىرسىيەت تۈزۈلۈشى» دېگەن تېمىدا ئوقۇغان ئىلمىي ماقالىسى يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇرلار تېنىدە ياشايدىغان JC ۋىرۇسى DNA سىدىكى 73 دانە گېنىنىڭ رەت تەرتىپى خەلقئارالىق گېن ئامبىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىل خارەكتېرلىك گېن رەت تەرتىپىنى دۇنياغا تونۇتقان. 2000-يىلى ياپونىيىنىڭ خوككويدو ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن ھەم «تاغ تېكىستىنىڭ DNA ئانالىزى» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 2001-يىلى ياپونىيە كوشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتۇر ئاسپىرانت ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىپ، 2005-يىلى «CJ ۋىرۇسىنىڭ DNA سى ۋە mtDNA ئانالىزى ئارقىلىق ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرسىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن تېمىدا دوكتۇرلۇق ماقالىسىنى ياقلاپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تەبىئىي پەنلەر دوكتۇرى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە شىنجاڭدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ DNA سى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

## 46. كۆرەش ئىبراھىم

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتۇر يېتەكچىسى، ماس قەدەملىك تەجرىبىخانىنىڭ سابىق مۇدىرى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى دوكتۇر ئاشتى كۆرەش ئىبراھىم 1956-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1975-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قايتا تەربىيەگە (چەت يېزا رايونلىرىغا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن چېنىقىشقا) چۈشكەن. 1978-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا

قاتنىشىپ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1982-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. خىزمەت جەريانىدا «بىئو-خىمىيە تەجرىبىسى ۋە خىمىيە ئوقۇتۇش دەرسلىكى» ناملىق نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان. 1985-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان. 1989-يىلى 4-ئايدا بېلگىيە لېيژ ئۇنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، ياۋروپادىكى قەدىمي دۆلەتكە كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغان.

دوكتۇر ئاشتى كۆرەش ئىبراھىم بېلگىيە لېيژ ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇش جەريانىدا ئۆزى ئىشلىگەن تەجرىبىلەرگە ئاساسىدا ئىنگلىز تىلىدا ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرنال «خىمىيە-فىزىكا ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلدۇرۇپ، خەلقئارا فىزىكا ساھەسىدىكى مۇتەخەسسلەر ۋە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا يەنە «XUV ئارقىلىق يۇمشاق X نۇرىنى سۈمۈرگەندىن كېيىنكى يەككە كۆپ ئاتۇملۇق مولېكۇلىدىن بۆلۈنگەن پارچىلار»، «ئالتە فتورلۇق بېنزۇلنىڭ 30-CV120 ئېنېرگىيە دائىرىسىدىكى فوتوننى سۈمۈرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن پارچىلار» قاتارلىق ئونەنچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئىنگلىز، فرانسۇز تىلىدا يېزىپ، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. 1992-يىلى بېلەيە ئۆتكۈزۈلگەن دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش مۇنبىرىگە چىقىپ ماقالە ئوقۇپ ھەم سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن «تەبىئىي پەنلەر دوكتۇرى» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بېلگىيە ئاخبارات ساھەسى مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ مۇۋاپپىقىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى ھەم ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. 1993-يىلى 2-ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسى ئۇنى دوكتۇر ئاشتى تەتقىقات نۇقتىسىغا قوبۇل قىلدى. 1994-يىلى 12-ئايدا بۇ تەتقىقاتنى تاماملاپ، مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىندى ھەم شۇنىڭدىن بۇيان

مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ۋە تەتقىقاتچى ئۇنۋانى بىلەن بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇنجى چوڭ كۆلەملىك ئەسۋاب، بىيجىڭ ئېلېكترون پوزىترون سوقۇشتۇرۇش ماشىنىسى تەجرىبىخانىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بۇ جەرياندا يەنە دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى فوتو ـ ئېلېكترون سپېكتروسكوپ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇق ھەر خىل فوندىنى قولغا كەلتۈردى. تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ مېڭىشى ئۈچۈن فوتو ئېلېكترون تەجرىبە ئەسۋابىغا جۇڭگودا تۇنجى لازېر نۇرى بىلەن رىتىملىق نېپىز قىلىپ تەييارلاپ، ئۇنى ئۆز جايىدا تەتقىق قىلىش تەجرىبە ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇردى ھەم مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئىككى نەپەر دوكتۇر ئاشتى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى 2006 ـ يىلى دېسسېرتاتسىيە ياقلىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئىككى نەپەر دوكتۇر ئاشتى، توت نەپەر ماگىستىر ئوقۇغۇچى، سەككىز نەپەر دوكتۇر ئوقۇغۇچىنىڭ تەجرىبە ۋە دېسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆزى مۇستەقىل دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەتقىقات ۋورۇپپىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 100 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىنى خەلقئارا ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئۇ ھازىر ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

## 47. كېرەم ئەلى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باغۇەنچىلىك ئوقۇتقۇچىسى، دوكتۇر، دوتسېنت، ماگىستىر يېتەكچىسى، مەكتەپ پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كېرەم ئەلى 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۈگۈر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ يېزا ئەمەلىك ئىنستىتۇتىنىڭ باغۇەنچىلىك كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق

قىلغان. 1996 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلغىچە ياپونىيىنىڭ مىيجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ابزىلوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، دوكتۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلغىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن ئالى دەرىجىلىك زىيارەتچى مۇتەخەسسىس سالاھىتى بىلەن ياپونىيە ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆگىنىش ۋە ھەمكارلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1999 ـ يىلىدىن بۇيان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئىنگلىزچە، ياپونچە، خەنزۇچە ۋە ئانا تىلىدا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. شىنجاڭنىڭ ئەمىلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغان «شىنجاڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش ئىلمى»، «ئانار ئۆستۈرۈش ئىلمى»، «گۈل ئۆستۈرۈش ئىلمى»، «بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈش ئىلمى»قاتارلىق يەتتە پارچە كىتابىنى نەشىر قىلدۇرغان.

كېرەم ئەلى ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئاساسلىق قاتناشقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ دۆلەتلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش تەتقىقاتى «چۆللۈكتە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدە باغ ـ ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» ناملىق تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغارلىق 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت تەبىئىي پەنلەر فوندىنىڭ «شىنجاڭدا ئاز ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شورغا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىقلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ «شىنجاڭ مۆلىك دەرەخلىرىنىڭ شورغا چىداملىق گېنى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن دۆلەت دەرىجىلىك ئىككى تەتقىقات تېمىسىغا مۇستەقىل يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

### 48. لاله سۆزۈك ھاجى

شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پاتالوگىيە ئىلمى پرافېسسورى، ماگېستېر، دوكتور يېتەكچىسى لالە شۈزۈك هاجى 1945-يىلى 2-ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان. 1968-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1982-يىلغىچە بۆگۈر ناهىيىسىدىكى 1-ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسى دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. 1982-يىلدىن 1993-يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1995-يىلى ئامېرىكىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1996-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا قوشۇمچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 18 نەپەر ماگىستېر، ئالتە نەپەر دوكتور تەربىيلىگەن. ئاسپىرانت ۋە تولۇق كۇرسلار ئۈچۈن تۆت پارچە دەرسلىك قوللانمىسى تۈزگەن. 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا 2727 نەپەر بالىياتقۇ بوينى راكى ئۈستىدە پاتولوەيىلىك ستاتىستىكا ئانالىزى يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە بالىياتقۇ بوينى راكى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۆزى يېتەكچى بولۇپ 1ې3 تەتقىقات تۈرىنى تاماملىغارن. ئۆزى يالغۇز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى بالىياتقۇ بوينى راكى ئىچىدىكى HPV نىڭ DNAسىنى ئېنىقلاش» قاتارلىق بەش تەتقىقات تۈرىنى تامالىغان ۋە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر ئاياللىرنىڭ بالىياتقۇ بوينى راكىنىڭ پەيدا بولۇشى HPV بىلەن يۇقۇملىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. يەنە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئېغىز بوشلۇقى راكى، قىزىل ئۆڭگەچ راكى، زەكەر راكى، مەقەت يولى تۇقۇلمىلىرى ئىچىدىن «VPH نىڭ DNA سىنى ئېنىقلاش» قاتارلىق سەككىز تەتقىقات تۈرىنى نەتىجىلىك تاماملىغان. ئىنەىلىزچە، خەنزۇچە ۋە ئانا تىلدا 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان، 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى خەلقئارالىق ۋە دۆلەتلىك نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئۈچ پارچىسى SCI دا، ئالتە پارچىسى ئامېرىكىدىكى Medline دا، 10 پارچىسى جۇڭگو پەن-تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلەر سانلىق ئىسكىلاتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن «بالىياتقۇ راكى پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن مولىكۇلا پاتىلوەيىسى بويىچە تەتقىق قىلىش» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئايرىم-ئايرىم 2002- ۋە 2007-يىلى شىنجاڭ پەن-تېخنىكا

تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. قالغان بەش پارچىسى دۆلەتلىك ھەم ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ بىر پارچە ماقالىسى ئامېرىكىدىكى «recnaC» (راك) ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1993 ـ ۋە 1996 ـ يىللىرى ئامېرىكىلىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن ھەم زور نەتىجە قازانغان. ئۇ ئامېرىكىدا كېسەللىك توقۇلمىسىنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئادەم توپچىسىمان ۋىرۇسى (HPV) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ بۇ تۈرنى ئامېرىكىدا داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ھازىرمۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ھەم ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

## 49. مەدىنە ئابلىكىم

نەزىرىيە فىزىكا ساھەسىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئايال ئالىم، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى دوكتور ئاشتى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە تۇنجى ئايال تەتقىقاتچى مەدىنە ئابلىكىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1990 ـ يىلى دۆلەتلىك ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكولتېتىنىڭ نەزىرىيىۋى فىزىكا مەيدان نەزەرىيىسى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش جەريانىدا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىلىميۇرتلىرىغا بېرىپ ماتېرىيال توپلىغان ھەمدە نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. 1994 ـ يىلى ئاسپىرانتلىقنى تۈگىتىپ، ئىتالىيىدىكى خەلقئارا فىزىكا نەزىرىيىسى تەتقىقات مەركىزىدە بىردىن بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە بىر يىل ئوقۇغان. بۇ جەريانىدا ئەنگىلىيە دورخام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئىمتىھانىدىن

ئۆتۈپ، 1995-يىلدىن 2000-يىلى 7-ئايغىچە بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسىي زەررىچىلەر فىزىكا ئىلمى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. ئوقۇشجەريانىدا ئىتالىيەدە ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق يازلىق كۇرسقا، جۇڭگو، شوتلاندىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيەدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئاساسىي زەررىچىلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىپ «GORDON-HNIS نىڭ چېگرالىق مودېلى ۋە ئۇنىڭ ئۇلترا سىممېترىك كېڭەيتىلىشى» ناملىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ، ئەنگلىيە نەزەرىيۋى فىزىكا ساھەسىدىكى باھالىغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، 29 يېشىدىلا ئاساسىي زەررىچىلەر ئىلمى بويىچە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يېتەكچىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئەنگلىيەدە يەنە يېرىم يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ژۇرناللاردا يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇلاردىن ئىككى خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا ئوقۇلۇپ، يىغىن ئىلمىي ماقالە توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. 2000-يىلى چەتئەلدىن قايتىپ كېلىپ 2002-يىلغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنىدا دوكتور ئاشتى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە دوكتور ئاشتى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مۇشۇ ئورۇندا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مەدىنە ئابلىكىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەندىن بۇيان بارلىقىنى تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جاپادىن قورقماي ئىزدىنىپ، خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرناللاردا بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. BES خەلقئارالىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى 100 نەپەر ئالىمنىڭ بىرى بولۇشتەك يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى. مەدىنە ئابلىكىم دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئوقۇش ھاياتىدا گۇاڭجۇ ئوقۇش مۇكاپاتى، شاۋداۋ-كاگيى ئوقۇش مۇكاپاتى، دورخام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇش مۇكاپاتى، دورخام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرۋۇن ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاسپىرانتلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا يەنە تەتقىقات بىلەن

شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى، باكلاۋۇرلۇق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېخانىكا، كۋانت مېخانىكىسى، كومپلېكس ئۆزگەرگۈچى فۇنكسىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۈچ دوكتور ئاسپىرانتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش جۇڭگودا چىقىدىغان ئەڭ يۇقىرى نوپۇزلۇق فىزىكا ژۇرنىلى «يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى ۋە يادرو فىزىكىسى» ژۇرنىلىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ تەكشۈرۈش-بېكىتىش خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ يەنە يېقىندا چەتئەلدىكى بىر قىسىم تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى تەرىپىدىن ھەمكارلىق تەتقىقاتىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنغان.

## 50. مەتتىمىن غېنى

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ سانائەت پەنلىرى دوكتور ئاشتى ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش كەسپى ئىلمىنىڭ باشلامچىسى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، تەجرىبە ۋە ھېسابلاش مېخانىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، غەربىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 5-فاكولتېتى (ئايروپىلان فاكولتېتى) نىڭ قوشۇمچە پروفېسسورى، ياپونىيە توكيو پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياردەمچى دوكتورى مەتتىمىن غېنى 1958-يىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، مەزكۇر ااكولتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1990-يىلدىن 1992-يىلغىچە ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى ئالىم قاتارىدا ئوقۇغان، 1993-يىلدىن 1996-يىلغىچە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم 1997-يىلى بىر يىل شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلغان. 1999-

يىلى ياپونىيە پەن-تېخنىكا يۇكسەلدۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ دوكتور ئاشتى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مەمتىمىن غېنى ياپونىيە-جۇڭگو ئامادا پەن-تېخنىكا تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ياپونىيىنىڭ «دۆلەتكە قايتقان چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار مۇكاپاتى» نى ئالغان ھەم ئۆز مەكتىپىدە پروفېسسور بولغان. 1998-يىلى توكيو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئىلمىي دوكلات يىغىنى» ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولغان. تۆت قېتىم خەلقئارا يىغىنىنىڭ رەئىسى ۋە ئەزاسى بولغان. قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە ئامېرىكا (ئالتە قېتىم)، ئىتالىيە، گېرمانىيە، كانادا، ھىندونوزىيە، كورىيە، ياپونىيە (بەش قېتىم)، شياڭگاڭ (ئىككى قېتىم)، جۇڭگو (ئالتە قېتىم) قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، بۇ يىغىنلاردا «سىنىك كاربونات دانچىلىرى بىلەن چېكىتلىغان ئالىيۇمىن قېتىشمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئانالىز قىلىش» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان. ياپونىيە ۋە جۇڭگودىكى دۆلەتلىك ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. يۇقارقى ماقالىلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي توپلاملاردا 60 پارچىدىنئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەلقئارادىكى نۇقتىلىق ماقالىلەر تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ يەنە «لايىھىلەش ۋە ئانالىز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ كۆلەملىك ھېسابلاش مېخانىكا سىستېمىسىنى ئېچىش قاتارلىق ياپونىيىنىڭ تۆت چوڭ تەتقىقات تۈرگە ۋە دۆلەت تەبىئىي پەن-تېخنىكا فوندىنىڭ ۋە باشقا دۆلەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۈچ چوڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئورۇنلىغان. مەمتىمىن غېنى يەنە ئۆز يېنىدىن 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ «تەجرىبە ۋە ھېسابلاش مېخانىكىسى تەتقىقات ئورنى» قۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھازىر بۇ ئورۇن مەمتىمىن غېنىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تەتقىقات

خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەسلەپكى ئۇنۋۇمگە ئېرىشتى.

## 51. مەنسۇر سابىت

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ۋە ساياھەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىر يېتەكچىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ۋە ساياھەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «سەنشى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ تەھرىر ھەيئىتى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مەنسۇر سابىت 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە ۋە ساياھەت ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1995 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە سەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا رايونلار جۇغراپىيىسى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 2000 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل تەربىيىلەنگەن. مەنسۇر سابىت رايونلار جۇغراپىيىسى ۋە قۇرغاق رايون بوستانلىق ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى ۋە ئاپتونوم رايون تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ئۈچ تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىگە ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. تەتقىقات جەريانىدا ئۆگەن دەرياسى ـ كۇچار دەرياسى بوستانلىقىدىكى نوپۇس، تېرىلغۇ يەر، سۇ بايلىقى، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش،ئېكولوگىيىنى قوغداش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. جۇڭگودىكى «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئىجتىمائىي جۇغراپىيە»، «بايلىق

ئىلمى»، «تەبىئىي ئاپەت ئىلمى»، «جۇڭگو قۇملۇقلىرى ئىلمى»، «رايونلارنى ئېچىۋېتىش ۋە تەتقىقات»،«قۇرغاق رايونلار بايلىقى ۋە مۇھىت»، «قۇرغاق رايونلار يېزا ئىگىلىك تەتقىقاتى»، «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» قاتارلىق نۇقتىلىق ژۇرناللاردا 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بىر پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەن ئىلمى ماقالىلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بىر پارچە ماقالىسى 5-نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ يەنە خەلق نەشرىياتى، مائارىپ نەشرىياتى، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن 30 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە كىتابلىرى ۋە ئىجادىي كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ جۇڭگو ئالىي مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان جۇڭگو جۇغراپىيىسى دەرسلىكىنىڭ شىنجاڭ قىسمىنى يېزىشقا قاتناشقان. مەنسۇر سابىت ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىنغان.

## 52.مۇرات مىجىت

ئازادلىق ئارمىيە 474-دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە يۈرەك سىرتقى ئۆسمە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋراچ مۇرات مىجىت 1956-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۇ جۇڭگو ۋراچلار جەمئىيىتى يۈرەك قان تومۇر تاشقى كېسەللىكلەر شۆبە جەمئىيىتى قاتارلىق مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئوننەچچە كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ئەزاسى. ئۇنىڭ ئالتە پارچە ماقالىسى خەلقئارا ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئالماشتۇرۇلغان. تەكلىپكە بىنائەن ئىلگىرى-كېيىن ياۋروپادىكى ئالتە دۆلەتكە بېرىپ خەلقئارا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇ جۇڭگو-ئامېرىكا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بويىچە يېڭى پەن-بېخنىكا تەتقىقات يىغىنىنى بىر قېتىم

ئۇيۇشتۇرغان. 1989 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئۆپكە قاپلىق قۇرتى ئىششىقىنى پۈتۈن ئېلىمىزدە ئۈنۈملۈك ئۈستۈرۈش، تىرىشىپ يوقىتىش ئۇسۇلى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرپىدىن پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغارلىق بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلى «ئۇلۇغ تەرەپ ئوخرەك ئاستى ۋېنا قان تومۇرىغا نەيچە كىرگۈزۈپ، مېڭە تالاش خارەكتېرلىك ئوكۇل قويۇش تېخنىكىسىنىڭ ئاساسى ۋېنا تومۇرى ئوپېراتسىيىدە قوللىنىلىشى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغارلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى «ئۈيغۇرلارنىڭ CABG ئايلانما ئوپېراتسىيىسى مەزگىلىدە قان قېتىپ قېلىشىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ كلىنىكىلىق ئەھمىيىتى» قاتارلىق ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئازادلىق ئارمىيە پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغارلىق بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## 53. مۇھەممەد تۇردى

ئورمانچىلىق ئالىي ئىنژېنىرى مۇھەممەد تۇردى 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كېرىيەدە تۇغۇلغان. 1973 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا ئاكادېمىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ ئورۇندا 1985 ـ يىلغىچە مەخسۇس ئىقتىسادىي ئورمانلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا شىنجاڭ باداملىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ئۆزئارا چاڭلىشالايدىغان ئەلا سورتلارنى تاللاش،ئىلمىي ئۇسۇلدا تىكىپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ۋە تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسكەن بادام‌لارنىڭ ئۈچ خىل ئەسلى تۈرى، بەش خىل ئۆزگەرتىلگەن كەنجى تۈرى ۋە 40 تۈردىن ئارتۇق سورتى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «شىنجاڭ بادامىلىرى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلغان. شىمالىي شىنجاڭدا

تارباغىتاي باربۇلۇق تېغىدىكى ئىپتىدائىي ياۋا بادامزارلىقنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەرنى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يېزىپ، ياۋا بادامزارلىقنى مەخسۇس قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ قۇرۇشقا ئاساس ياراتقان ۋە شىنجاڭدىكى بادام‌لارنىڭ تۈرلىرى بىلەن ھەر خىل سورتلىرىنى يەركەنگە يىغىپ، سورتلۇق باغچا قۇرۇپ، 12 خىل ئەلا سورتنى تاللاپ چىقىپ، شىنجاڭدا ئەلا سورتلۇق بادامنى كېڭەيتىشكە ئاساس سالغان. 1983-يىلدىن 1984-يىلغىچە لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېكولوگىيە ئىلمى بويىچە، بېيجىڭ ئورمانچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىئولوگىيە ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

مۇھەممەد تۇردى 1990-يىلدىن باشلاپ ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن ئالىي ئىنژېنېرى، ئالىي ئىنژېنېر، پونكىت باشلىقى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. بۇ جەرياندا ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۆچۈن زور كۆچ چىقارغان. خوتەن، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ قۇم تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، بۇ رايونلارنىڭ قۇم تىزگىنلەش پىلان لايىھىسى، گۇما ناھىيىسىنىڭ پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش تۈرىنىڭ پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان. ئامېرىكا، قازاقىستان، ئۆزبەكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ پىستە بادام، ئامېرىكا قارا ياڭىقى، تىكەنسىز جىغان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدا تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتكەن ھەم كېڭەيتىشكە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان. مەخسۇس ئەلا سورتلۇق ئىقتىسادىي ئورمانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى پىلاستىنكىدىن 5000 دىن كۆپرەكنى، تەربىيىلەش قوللانمىسىدىن 10 مىڭدىن ئوشۇقنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتقان. 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. «شىنجاڭ بادامىلىرى»، «شىنجاڭ باغۋەنچىلىكى»، «ئەلا سورتلۇق بادام ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «رەسىمگە قاراپ نەشپۈت دەرىخىنى چاتاش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. «شىنجاڭ

مېۋىلىك دەرەخلىرىنى چاتاش تېخنىكىسى» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇرغان. «ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا مۇۋاپىقىيەتلىرى» دېگەنكىتابنىڭ مۇئاۋىن تۈزگۈچىسى بولغان. «ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»،«خوتەن باغۋەنچىلىكى»، «ياڭاق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلغان. «شىنجاڭ مېۋىچىلىكى» ناملىق كىتابنى نەشرگە تاپشۇرغان. 1990يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئورمانچىلىق ۋە پەن ـ تېخنىكىغا دائىر 40 تۈر ئىچىدىن يەتتە تۈر مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ ،3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق سىستېمىسى بويىچە يەتتە قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار باشقۇرغۇچى، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1988 ـ يىلى «جۇڭگودىكى مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى» شىنجاڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. مۇھەممەد تۇردى ھازىر شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ گۈل ـ گىياھ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو قۇرۇق مېۋىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق سىستېمىسى ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئۇرۇق ـ كۆچەت ئەلا سورتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئىقتىسادىي ئورمانلار سورتلىرىنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، شىنجاڭ مېۋىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، ئالىي ئىنژېنېر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

## 54. مۆمىن ھەبىبۇللا

مۇدر ۋراچ، دوتسېنت مۆمىن ھەببۇللا 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پىچاندا تۇغۇلغان. 1964 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1972 ـ يىلغىچە شىنجاڭ فاكساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن، ئاندىن شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن. 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلى شاڭخەي 2 ـ ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى رۇيجىن دوختۇرخانىسىنىڭ كۆيۈك ـ شەكىل تۈزەش بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئۆز كەسپىدە 20 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، كۆيۈك ـ شەكىل تۈزەش جەھەتتە شىنجاڭدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان. 1995 ـ يىلى قارامايدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەم يارىلانغاندا ئۆزى تۈرۈشلۈق دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قاراماي‌غا بېرىپ نۇرغۇن بىمارنى قۇتقۇزۋالغان. ئۇ ھازىرغىچە «جۇڭگو تاشقى كېسەللىكلەر ژۇرنىلى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئانا تىلدا 15 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. 1987 ـ يىلى «كۆيۈك ۋە ئۇنى داۋالاش» ناملىق كىتابى شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن، «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەردىن سوئال ـ جاۋابلار» ناملىق كىتابى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى»، «شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىقلارنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئالتە قېتىم، چەتئەللەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئۈچ قېتىم ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. 1999 ـ يىلى كورىيەنىڭ پايتەختى سېئۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق مېدىتسىنا، ھۆسىن تۈزەش مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا «تارتۇق راكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان 40 خىل كېسەللىك ئۈستىدە ئانالىز» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىلى ئىتالىيە ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق جۇڭگوچە، غەربچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا «يۇقۇملانغان قان فىرمىسى ئارقىلىق زەھەرلەنگەن ئېغىر كېسەلنى داۋالاپ قۇتقۇزۇش» ناملىق

ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئالىم-مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ھەم تەكلىپكە بىنائەن‌ئىنفرانسىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان. «قوشكېزەكلەرنىڭ تېرىسىنى كۆچۈرۈش ئارقىلىق ئېغىر كۆيۈكنى داۋالاش» ناملىق ماقالىسى خەلقئارالىق يىغىنغا تاللانغان.

مۆمىن ھەبىبۇللا ئۆزىنىڭ بىرقاتار خىزمەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق 1991-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكىلىق داۋالاش فاكولتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، 1993-يىلى ئىنستىتۇت قارىمىقىدىكى 1-دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن. ھازىر مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت جۇڭگو تىبابىتى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

## 55. مىجىت خۇدابەردى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پروفېسسور مىجىت خۇدابەردى 1936-يىلى 12-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1953-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئوخىمىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە 48 يىل ئىشلەپ، 2004-يىلى پېنسىيىگە چىققان. ئۇ ئۆسۈملۈكلەر جۇغراپىيىسى، ئېكولوگىيىسى، تۇركۇمشۇناسلىقى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، قۇرغاق رايون ئۆسۈملۈكلىرى قاتارلىق ئونىنچچە تۈرلۈك دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز ۋە ئانا تىلىغا پىششىق بولۇپ، جۇغراپىيە ۋە بىئولوگىيىگە دائىر 11 پارچە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. ئالتە پارچە دەرسلىك كونسېپكىنى تۈزگەن. مەملىكەتلىك بىر تۈتاش دەرسلىك «ئۆسۈملۈكلەر جۇغراپىيىسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان. مىجىت خۇدابەردىنىڭ قۇرغاق رايون ئۆسۈملۈكلىرى جۇغراپىيىسى ئېكولوگىيىسى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، قوغداش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىر قانچە بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ۋە

ئىجتىمائىي ئۇنۇم ياراتتى. كەسپداشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ 2100 تۈردىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلىدى ھەم شۇ ئاساستا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، شىنجاڭ فلورىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش ئەھۋالى، مۇھىت شارائىتلىرى توغرىسىدىكى بىرقىسىم قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ 2000-يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ نىۋقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېنىقلاش دەستۇرى» ناملىق كىتابىغا رايونىمىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن 126 ئائىلە، 880 ئۇرۇقداش، 3400 دىن ئارتۇق تۈر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، رايونىمىز ئۆسۈملۈكلىرى تەركىبىنى ئۆگىنىشتە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭ فلورىسى» ناملىق كىتابنىڭ 4-تومى 2005-يىلى نەشر قىلىندى. «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئائىلە، ئۇرۇقداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى» (1982-يىل)، «شىنجاڭ ھەسەل مەنبىئى ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش» (1993-يىل)، «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېنىقلاش دەستۇرى» ناملىق ئۈچ كىتابى شىنجاڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئۇ تۈزگەن «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» 1984-يىلى نەشر قىلىندى. «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (يېڭى نەشرى) نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، لۇغەتتىكى 50 مىڭدىنئارتۇق ئاتالغۇنى تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. تۈرلۈك ژۇرناللاردا 36 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە جۇڭگودا ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ماقالە ئوقۇدى ھەم بىر قىسىم ماقالىلىرىنى چەتئەللەردىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، چەتئەلدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدىغان مۇتەخەسسىس، مەملىكەت دەرىجىلىك گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان «ياش-ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس»، «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، رايونىمىزدا «گەۋدىلىك تۆھپە كۆرسەتكەن پەن-تېخنىكا خادىمى»، ئۈچ قېتىم «ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»

دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باشقا ئىلمىي جەمئىيەتلەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

## 56. نائىل ھاجىيوف

ئالىي ئىنژېنېر نائىل ھاجىيوف 1943-يىلى 7-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1965-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ كان-مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتى (ھازىرقى سانائەت ئىنستىتۇتى) نى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1984-يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى لايىھەلەش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا يۆتكەلگەن. 1986-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 2004-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. نائىل ھاجىيوف 1973-يىلى 9-ئايدا زاۋۇتنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇش ئىشىغا قاتنىشىپ، 3-نومۇرلۇق خۇمداننىڭ كۆلىنىڭ سېمونت پىششىق ماتېرىيال كۆيدۈرۈش ئىقتىدارى 700 تونىنلىق قۇرۇلۇشى لايىھىسىنى ھەمدە خام ئەشيا تۈگمىنى،كۆمۈر ئېزىش تۈگمىنى، خام ئەشيا تەڭشەش ئۈچاستىكىسىنىڭ ئېلېكتر قىسمىنىڭ لايىھىسىنى ئىشلىگەن. ئۇ ماشىنا ئىنېرگىيە بۆلۈمىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن زاۋۇتنىڭ ئۆسكۈنىلىرىنى لايىھەلەپ، 1981-يىلى مەملىكەتلىك سېمونت سۈپىتىنى باھالاشتا 3-بولۇپ باھالانغان، كېيىن يەنە ئىككى قېتىم غەربىي شىمال بويىچە ئىككى قېتىم 1-بولۇپ باھالانغان ھەم مۇكاپاتلانغان. 1984-يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى لايىھەلەش ئورنىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سېمونت زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق توققۇز سېمونت زاۋۇتى ۋە كان رايونلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قاتارلىق لايىھەلىرىنى ئىشلەشكە، مەمۇرىي ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىشقا قاتناشقان. 1995-يىلى

تام ماتېرىياللىرىنى ئىسلاھ قىلىش بويىچە ئالاھىدە نەتىجە قازىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى لۇغىتى» نى تۈزۈپ، 2000 ـ يىلى نەشر قىلدۇردى. 1991 ـ يىلى گېرمانىيە خومبولت شىركىتىنىڭ كولۇندىكى زاۋۇتىدا ئىككى ئاي ئۆگىنىشتە بولغان. 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئامېرىكىنىڭ كونتاكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مالىيە ئىنستىتۇتىدا خەلقئارا پۇل كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 ـ يىلى ۋە 1993 ـ يىلى قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە زىيارەتتە بولغان. 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گېرمانىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ليۇكسېمبۇرگ قاتارلىق غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تام ماتېرىياللىرىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭى تام ماتېرىياللىرى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان.

## 57. نىغمەت غوجامبەردى

ئىقتىساد ئىلمى پروفېسسورى نىغمەت غوجامبەردى 1952 ـ يىلى قورغاستا تۇغۇلغان. 1973 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1977 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بىگتۇەن 4 ـ دىۋىزىيە شتابىدا ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ ھازىر مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ پروفېسسورى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، ماگىستىر يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق تەرەققى قىلدۇرۇلىدىغان كەسىپ يېزا ئەمەلىك ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپىنىڭ يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن نۇقتىلىق تەربىيەلەنگەن پەن ـ تېخنىكا تايانچىسى.

نىغمەت يۈسۈپ 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «گۇاڭخۇا باشقۇرۇش» ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 2001-يىلى 12-ئايدىن 2002-يىلى 12-ئايغىچە دۆلەتنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش فوندىنىڭ يوللىشى بىلەن روسىيە پېتربورگ مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا «يېزا تاۋار ئىگىلىكى»، «يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىلمى»، «بازار ئىلمى»، «ھەمسىدارلىق ئىقتىسادشۇناسلىقى» قاتارلىق توققۇز پارچە ئىلمىي ئەسىرى، خەنزۇ تىلىدا «بىلىم ئىگىلىكى»، «بازار ئىقتىسادىي نەزەرىيىسى ۋە سىياسەت»، «بازارشۇناسلىق ئىلمى» قاتارلىق ئالتە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ۋە دەرسلىك كىتابى نەشر قىلىندى. دۆلەت (ئىككى)، ئاپتونوم رايون (تۆت) ۋە مەكتەپ (تۆت) دەرىجىلىك بولۇپ 10 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «بازار تىجارەت ئىلمى» ۋە «ھەمسىدارلىق ئىگىلىكى» ناملىق دەرسلىك كىتابى مەملىكەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى. «يېزا تاۋار ئىگىلىكى» (ئۇيغۇرچە)، «شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئۇنى كىچىكلىتىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا»، «دۆلەتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا» (خەنزۇچە) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىلمى» (ئۇيغۇرچە) ناملىق دەرسلىكى 1996-يىلى ئاپوتونوم رايون بويىچە زور ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بەش چوڭ تەتقىقات تۈرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى.

نىغمەت غوجابەردى ھازىر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرستېتى ئالىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس تەرەققىيات ستىراتېگىيىسى تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نادىر ئەسەرلەرنى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە كەسپداشلار باھالاش مۇتەخەسسىسى، ئاپتونوم

رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ تەھرىرى. ئۇ نۆۋەتتە ئۇيغۇر، خەنزۇ بولۇپ يەتتە نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى تەربىيلەۋاتىدۇ. ئىلگىرى تەربىيلىگەن بەزى ئاسپىرانتلىرى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە دوكتۇر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

## 58. ھاجى ئەكبەر ئەيسا

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتۇر، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى ھاجى ئەكبەر ئەيسا 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ مەزكۇر مەكتەپكە تەقسىملەنگەن. 1995 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شاڭخەي دورا تەتقىقات ئورنىدا ئوقۇپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «شىنجاڭ ئەگىلىك ئوتىنىڭ ئۆسمىگە قارشى تۇرىدىغان تەركىبى ـ ئەگىلىك ماددىسىنىڭ ئاجرىتىپ ئېلىنىشى ۋە ئۈنۈملۈك تەتقىقاتى»، «شىنجاڭنىڭ كېۋەز چېچەكىدىكى فلوسوننىڭ قان ئۇيۇتمىسىغا تاقابىل تۇرۇش تەتقىقاتى»، «غەربىي قىسمىدىكى ئالاھىدە مىللىي دورىلار بايلىقىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىقاتى» قاتارلىق يەتتە تۈر بويىچە ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 2003 ـ يىلى «6 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ياش پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئەلا مۇكاپاتى» ۋە «تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەنلەر

بويىچە ئىلغار ماقالىلارنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. سەككىز تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ دورىگەرلەر جەمئىيىتى جۇڭيى مىللىي دورىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ فىزئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي ھەيئەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك بايلىقى خىمىيىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرى.

## 59. ھامۇت ھاجى مۆمىن

چارۋىچىلىق ئالىي ئىنژېنېرى ھامۇت ھاجى مۆمىن 1941 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1959 ـ يىلى ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ چارۋىچىلىق كەسپى پەن ـ تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ گوۋېيۋەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولغۇچى مۇتەخەسسىس. ھامۇت ھاجى مۆمىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىلى ئوبلاستلىق چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن سېكرېتارى ھەم باش ئىنژېنېرى بولغان. 1984 ـ يىلىدىن بۇيان كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ھەم ئوبلاستلىق مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالانغان. 1994 ـ يىلىدىن بېرى دۆلەت ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ مول ھوسۇل پىلانى، گۆش كالىسى ۋە قويىنى كېڭەيتىش قاتارلىق 12 خىل پەن ـ تېخنىكا تۈرىگە مەسئۇل بولغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەتلىك مول ھوسۇلپىلانى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرلەش بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئېكىلوگىيىلىك چارۋىچىلىقى» قاتارلىق 10 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

«چارۋا ـ ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم» ناملىق ماقالىسى پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى شىياڭگاڭدا ئېچىلغان يىغىنغا يوللىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاۋتىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈش ھەم زىيارەتتە بولغان.

## 60. ھۆسەنجان تۇنىياز

ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، پروفېسسور ھۆسەنجان تۇنىياز 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1978 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) نىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەت جەريانىدا ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «بېدە سېرىق يۆگىمىنى تىزگىنلەش»، «شىنجاڭدىكى مېۋىلىك دەرەخ زىياندىش ھاشارەتلىرىنى يوقىتىش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. دۆلەت ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 10 نەچچە تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. بۇنىڭدىن تۆت تۈر «ئاپتونوم رايونلۇق يېزا تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى» غا، ئۈچ تۈر «ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋكاپاتى» غا ئېرىشكەن. ئاتونوم رايون دەرىجىلىك «دېھقانچىلىق تېخنىكا ھۆددىگەرلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان ھەم كۆپ قېتىم ھەر خىل تېخنىكا كېڭەيتىش، ئوموملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىدە مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغان. ئۇ يازغان، تۈزۈگەن ياكى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا قاتناشقان دەرسلىك، كەسپىي كىتاب ياكى ئەسەرلەرنىڭ سانى 60 پارچىغا يېتىدۇ. بۇلاردىن تۆت پارچە كىتابى غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب رايونلىرى بويىچە 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا كىتابى» بولۇپ باھالانغان. «RPP رىگىتسىيلىك ئىز چۈشۈرۈش مودېلىدىن پايدىلىنىپ 2 ـ ئەۋلاد كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئاپەت پەيدا قىلىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش تەتقىقاتى» قاتارلىق تەتقىقات ۋە كەسپىي ماقالىلىرىدىن

80 نەچچە پارچىنى ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق «تەبىئىي پەنلەر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى» غا ـ3ـ دەرىجىلىك)، يەنە بىر پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق 1ـ دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ مەملىكەتلىك «ئالىي مەكتەپلەر پەن تەتقىقات باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى»، ئاپتونوم رايونىمىزدا «گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»، 1ـ دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ پەنتەتقىقات باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ئالتە جەمئىيەتتە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

## 61. ئۆمەر موللا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى ئۆمەر موللا 1936ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1953ـ يىلدىن 1956ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكولتېتىدا، 1956ـ يىلدىن 1961ـ يىلغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ ئىقتىسادىي جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1961ـ يىلدىن 1962ـ يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكولتېتىدا ئىشلىگەن. 1962ـ يىلدىن 2000ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكولتېتىدا ئوقۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو ئىقتىسادىي جۇغراپىيە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۇنيا بانكىسىدىن قەرز ئېلىپ ئىشلەنگەن تارىم ئويمانلىقىنى سۇغۇرۇش ۋە مۇھىت ئاسراش (2ـ قارار) قۇرۇلۇشىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەمۇرىي كادىرلارغا ئۇنىۋان بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي

خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «دۇنيا ئىقتىسادىي جۇغراپىيىسى»، «دۇنيا تەبىئىي جۇغراپىيىسى»، «گېئومورفولوگىيە»، «ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيە پرىنسىپلىرى»، «جۇڭگو جۇغراپىيىسى» قاتارلىق مەملىكەت بويىچە بىر تۈتاش ئىشلىتىلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش ئىشلىرىغا قاتناشقان. تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «دۇنيا نوپۇسى»، «دۇنيا ساياھەتچىلىكى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. 1990-يىلىدىن باشلاپ نوپۇس ۋە مۇھىت يۆلىنىشى بويىچە ئۈچ قارار ئاسپىرانت تەربىيىلىگەن. 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «يەر بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى 1989-يىلى ئۆزبېكىستان جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ئوقۇلغان ھەم قۇرۇلتاي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. مۇستەقىل يازغان «ھىندىستان»، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە يەر ناملىرى قوللانمىسى»، «دۇنيا جۇغراپىيىسى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## 62. ئۆمەرجان ئەلى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خىمىيە پەنلىرى دوكتورى ئۆمەرجان ئەلى 1964-يىلى 10-ئايدا كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1988-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە ئىشلىگەن. 1992-يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خىمىيە-فىزىكا تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلغاچ، ماگىستىر دوكتۇر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، 1999-يىلى دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خىمىيە-فىزىكا تەتقىقات ئورنىدا خىمىيە سانائىتى تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇپ، 2002-يىلى رەسمىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ھەم ئوننەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان. بۇنىڭدىن تۆت خىلى مۇنتىزىمسۇپەت ئۆلچىمىگە

يەتكەن. 10 تۈرلۈك نەتىجە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ماگىستىر دوكتۇر ئاسپىرانتلارنى تەربىيلىگەن. چەت ئەل ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل كەسپىي ژۇرناللاردا 100 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. ئىككى پارچە ماقالىسى دۆلەت پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى، ئىككى پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان. يەنە بىر پارچىسى شىنجاڭ ياشلار پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## 63.پەخىردىن شىرىپ

ئۇيغۇر كومپيۇتېر ساھەسىدىكى تۆھپىكار--- پەخىردىن شىرىپ(قارلۇق) پەخىردىن قارلۇق ئەر، ئۇيغۇر، 1981-يىلى 9-سىنتەبىر ئاقسۇ شەھەر شايار ناھيىسىدە مەدەنىيەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1994-يىلى Basic ۋە Assemble تىلىدىن باشلاپ كومپيۇتېر ساھەسىگە كىرگەن. 1996-يىلدىن 7-ئايدىن 1997-يىلى 8-ئايغىچە ئەقلىي ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر شىركىتىدە، 1997-يىلى 8-ئايدىن 1998-يىلى 11-ئايغىچە پەن-تېخنىكا ئەجدىھاسى كومپيۇتېر شىركىتىدە يېزىق-جەدۋەل ۋە ساندان بىر تەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1998-يىلى11-ئايدا ھازىرقى قارلۇق شىركىتىنىڭ ئاساسى بولغان «قارلۇق كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزى» نى قۇرغان. 2000-يىلى 3-ئايغىچە خەنزۇچە UCDOS مەشغۇلات سىستېمىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇرچە مەشغۇلات سىستېمىسى، DOS موھىتىدىكى كۆپ تىللىق مەتبەئە، جەدۋەل ۋە ساندان باشقۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان گىرافىك يۇزلۇك قوللىنىش پىرگراممىسى Uyghur-word نى، مالىيە-مائارىپ ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان ئۇچۇر باشقۇرۇش ۋە ئىستاتىستىكا يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىگەن.

2000-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ، نىشانىنى كومپيۇتېر گىرافىك ساھەسىگە قارىتىپ، رايونىمىزنىڭ D3كومپيۇتېر گىرافىكى ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان تۈرلەرنى ئىشلىگەن ۋە سىستېمىلاشتۇرۇغان. بېيجىڭ پايتەخت

پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر كەسپىي ئىستىتۇتىدا تەتقىقات مەركىزى، CG Power ۋە Days of View قاتارلىق شىركەتلەردە CCTV ـ4، CCTV ـ9، CCTV ـ8 بىرىنچىلەر ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ كومپيۇتېر گرافىكىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنىڭ تۈر باشقۇرغۇچىسى، D3 كۆرۈم ئېففېكتى مەسئۇلى ۋە تېخنىكا يېتەكچىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن.

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پەخىردىن قارلۇق ئەسلىدىكى قارلۇق مەدەنىيەت تارقىتىش شىركىتى تېخنىكا بۆلۈم ئاساسىدا بىر مىليون خەلق پۇلى مەبلەغ بىلەن قارلۇق مېدىيا تېخنىكا شىركىتىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، شىركەتتىكى ئاساسلىق 21 تېخنىك خادىمدىن تەركىپ تاپقان پايچىكلار قوشۇنى ئارقىلىق رايونىمىزدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن يۇقىرى تېخنىكا كارخانىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

پەخىردىن قارلۇق ـ قارلۇق مېدىيا تېخنىكا شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە دىرېكتورى. رايونىمىزنىڭ D3 كومپيۇتېر گرافىكى ساھەسىنىڭ باشلامچىسى. ئامېرىكا ئالما شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى تۇنجى خۇسۇسىي شىركەتلەر ھەمكارلىقىدىكى يۇمشاق دېتال تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. ھازىر ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە D3 تەقلىدلەش ۋە ئانالىزلاش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتېرەكتىۋ يۇمشاق دېتال تۈرلىرى ئىشلەنمەكتە.

## 64.ئابلىمىت ئابدۇقادىر

ئابلىمىت ئابدۇقادىر، تەتقىقاتچى، پروفېسسور، زوئولوگىيە دوكتورى.

1973 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، «جۇڭگو ياۋا ئېتى ۋە ياۋا تۆگىسىنى چارلاش ۋە تەتقىق قىلىش»، «ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق رايونلىرىدىكى مۇشۇك ئائىلىسى ھايۋانلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە قوغداش ـ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق بەش تەتقىقات تۈرىنى، «شىنجاڭ قۇشلىرى بايلىق

مەنبەسىنى چارلاش ۋە تەتقىق قىلىش›› قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سەككىز تەتقىقات تۈرىنى ھەمدە باشقا ئاكادېمىيە، ئىنستىتۇت ۋە يەرلىك تەتقىقات تۈرلىرىدىن يەتتىنى تاماملىغان، ‹‹شىنجاڭنىڭ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرى›› قاتارلىق ئالتە كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان، يۇقىرىدىكى پەن تەتقىقاتتا ئالاقىدار 37 پارچە نەزەرىيىۋى ئىلمىي ماقالىنى ۋە 130 نەچچە پارچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىسىنى ئېلان قىلغان، 1997 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ‹‹فاڭ شۇچۋەن ياش ئالىملىرى›› مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مەزكۇر تەرجىمىھال ئابلىمىت ئابدۇقادىر قاتارلىقلار تۈزگەن ‹‹شىنجاڭدىكى ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار›› ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

## 65. تالىپ ئوسمان

تالىپ ئوسمان، 1978ـ يىلى 3ـ ئايدىن 1979ـ يىلى 7ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتى) دە، 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئورمانچىلىق نازارىتى تەبىئەتنى قوغداش ئىشخانىسىدا ياردەمچى ئىنژېنېر، ئىنژېنېر، مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلارنى باشقۇرۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چوڭ تىپتىكى ئىلمىي تەتقىقات، تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان ۋە تەشكىللىگەن. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2005 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئورمانچىلىق نازارىتى تاشقى ئىقتىساد تۈرلىرىدە ھەمكارلىشىش ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن

باشلاپ ئورمانچىلىق نازارىتى يامالىق تىغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى»، «ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش مەخسۇس دەرسلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان. گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ھازىر ئۇ شىنجاڭ ھايۋانلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىر ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تەبىئىي مۇزېي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. (مەزكۇر تەرجىمھال تالىپ ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭدىكى ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

## 66. ئەنۋەر مۇسا

ئەنۋەر مۇسا، 1983 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1983 - يىلىدىن 1997 - يىلى 10 - ئايغىچە ئورمانچىلىق نازارىتى تەبىئەتنى قوغداش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1997 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يوقىلىش گىردابىدىكى جانلىقلار تۈرى ئىمپورت - ئېكسپورتىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسىدا دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىر، ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلارنى باشقۇرۇش، ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە يوقىلىش گىردابىدىكى جانلىقلار تۈرى ئىمپورت - ئېكسپورتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداقلا يەنە بەزى تەتقىقات تۈرلىرىگە، كۆپلىگەن ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان. تۆت تۈردە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئـاپتونوم رايونلـۇق پەن ـ تېخنىكـا جەمئىيىتـى 5 ـ نۆۋەتلـىك كومىتېتىنىـڭ ئەزاسـى بولغـان. ھـازىر غەربىـي شـىمالدىكى بەش ئـۆلكە ۋە ئـاپتونوم رايـون ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش كومىتېتىنىڭ ئەزاسـى، شـىنجاڭ ھـايۋانلار ئىلمىـي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، شـىنجاڭ ئۇيغـۇر ئـاپتونوم رايونلـۇق ياۋايى ھـايۋانلارنى قوغـداش جەمئىيىتىنـىڭ مۇئـاۋىن بـاش كـاتىپى، شـىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسـى، جۇڭگـو يـاۋايى ھـايۋانلارنى قوغـداش جەمئىيىتى تۈرنىلار بىرلەشمە قوغداش كومىتېتىنىڭ كاتىپى، ئۇ ئىككـى قېـتىم ئـاپتونوم رايونلـۇق پەن ـ تېخنىكـا جەمئىيىتـى تەرىپىـدىن «ئىلغـار خىزمەتچـى» ، بىـر قېـتىم ئـاپتونوم رايونلـۇق پەن ـ تېخنىكـا جەمئىيىتـى تەرىپىدىن ئـاپتونوم رايـون بـويىچە «پەنـنى ئومۇملاشـتۇرۇش خىزمىتىـدىكى ئىلغـار شـەخس» بولـۇپ باھالانغـان. (مەزكـۇر تەرجىمھـال ئەنـۋەر مۇسـا قاتـارلىقلار تـۈزگەن «شـىنجاڭدىكى ئەتىۋارلىـق يـاۋايى ھـايۋانلار» نـاملىق كىتابتىن ئېلىندى )

## 67. تۇرغۇن مۇھەممەد

خىمىيە پەنلىرى دوكتۇرى — تۇرغۇن مۇھەممەد

مۇتەللىپ ياقۇپ

ئۇيغـۇر خەلقـى ئەزەلـدىن ئىلـىم ـ مەرىپەتنـى قەدىرلەيـدىغان، ئىلـىم ئارقىلىق ھاياتنى نۇرلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىـڭ بىـرى. ئىلگىـرى ئىجتىمـائىي پەنـلەر ساھەسـىدە بىـر تۈركـۈم ئىزدەنگـۈچىلەر، تەتقىقـاتچىلار بارلىققـا كېلىـپ، خەلقىمىزنىـڭ مەدەنىـيەت، ئىلـىم ـ پەن ئىشـلىرىنىڭ يۈكسىلىشـى ئۈچـۈن بىـر كىشـىلىك ھەسسە قوشـۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيـان، ئـاپتونوم رايونىمىزنىـڭ ئۆتكـۈر پەن،

نازۇك ساھەلىرىدىمۇ بىر تۈركۈم ئىزدەنگۈچىلەر، تەتقىقاتچىلار بارلىققا كېلىپ، تەبىئىي پەن تەرەققىياتىغىمۇ بەلگىلىك ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە ئىلمى ۋە سانائىتى ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، خىمىيە پەنلىرى دوكتۇرى، ئىنىستىتۇت ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرغۇن مۇھەممەد ئەنە شۇنداق ياشلىرىمىزنىڭ بىرى.

تۇرغۇن مۇھەممەد 1973-يىلى 3-ئايدا، تېكەس ناھىيەسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە توغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تېكەس ناھىيەسىدە تاماملاپ، 1991-يىلى 9-ئايدىن 1993-يىلىغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تېخنىكا سىنىپىدا ئوقۇغان. 1993-يىلى 9-ئايدىن 1996-يىلى 7-ئايغىچە، دالىيەن سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى نازۇك خىمىيە سانائەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1996-يىلى 9-ئايدىن ھازىرغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە ئىلمى ۋە سانائىتى ئىنىستىتوتىدا ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. بۇ جەرياندا، ئۇ يەنە 1998-يىلى 9-ئايدىن 2001-يىلى 7-ئايغىچە دالىيەن سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى نازۇك خىمىيە سانائەت فاكۇلتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 2001-يىلى9-ئايدا، لېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىنغان. 2003-يىلى 9-ئايدىن 2006-يىلى 12-ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىر دوكتۇرلۇقتا ئوقۇغان. 2008-يىلى 3-ئايدا ئىنىستىتۇت ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، شۇ يىلى 6-ئايدا، ئىنىستىتۇتنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. 2008-يىلى 11-ئايدىن 2009-يىلى 11-ئايغىچە، ئەنگلىيە كىلانفىيد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئالىي دوكتۇرلۇقتا ئوقۇپ، دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن.

تۇرغۇن مۇھەممەد ئۆزىنىڭ 14 يىللىق ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتىدە، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋە ئانا يۇرتىغا زور شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 19 پارچە ئىلمىي ماقالە

ئېلان قىلىپ، كەسپداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئىنستىتۇتنىڭ ئەڭ ياش غوللۇق خادىملىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ، بۇ جەرياندا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سەككىز تۈرلۈك تەتقىقات تۈرىگە قاتناشتى. ئۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش تۈرگە ئۆزى مەسئۇل بولغان ياكى رىياسەتچىلىك قىلغان بولۇپ، دۆلەت تەبىئەت پەنلىرى ئىلمىي فوندى مەبلىغى ئىككى، ئومۇمىي خىراجىتى 460 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار ‹‹211 قۇرۇلۇشى›› فوند مەبلىغى بىر، ئومۇمىي مەبلىغى 30 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر پەن - تەتقىقات پىلانى ياش ئوقۇتقۇچىلار تەتقىقات تۈر مەبلىغى بىر، ئومۇمىي مەبلىغى 20 مىڭ يۈەن، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەشكە قاتناشقان تۈر ئۈچ بولۇپ، ئومۇمىي مەبلىغى 650 مىڭ 500 يۈەن.

ياش دوكتور تۇرغۇن مۇھەممەد مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان 11 قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، توققۇز پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. ئۇ تەتقىقات جەريانىدىكى دۇچ كەلگەن بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارنى ئۆزى ھەل قىلىپ، ئىككى تۈرلۈك ئەمەلىي قوللىنىشچان كەشپىيات يارىتىپ، دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا يارىشا مۇناسىپ شان - شەرەپ ۋە مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. 2000-ۋە 2001-يىلى ‹‹گۇاڭخۇا ئوقۇش مۇكاپاتى›› نىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2005-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3-دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2008-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن، ‹‹ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى›› شەرىپىگە نائىل بولغان. بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمىز.

## مەنبە: تەۋپىق مائارىپ تورى